# قۇمۇل ئەدەبىياتى

# Kumul Literature



4

1997

新華書店
1007452249604
RMB 2.50

9 771007 452000

# 8 ـ قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر









▲ قارا دۆۋە «چىلانلىق باغ» دىكى خاتىرە

## مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ قومۇلدا ئۆتكۈزگەن 8 ـ قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىنىڭ خۇلاسە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر






# قۇمۇل ئەدەبىياتى

(پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال)

1997 - يىل 4 - سان

17 - يىل نەشرى

[ئومۇمىي 70 - سان]

باش مۇھەررىر:

نەگمەت يۇسۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر:

روشەن سەئىدۇللا

## بۇ ساندا

### تەبرىك ۋە تىلەك

تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەبرىك خېتى ...................... (3)
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى ........... (3)
8 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............................ مىجىت ناسىر (4)
8 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن قارشى ئېلىش نۇتقى ............ ئابدۇراخمان كېرەم (10)
يېڭى، نادىر ئەسەرلىرىمىز بىلەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى .................. ھېيتەم ھۈسەيىن (11)
8 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى 4 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... توختىخان ئىسمائىل (15)

### شېئىرلار

شېئىرلار ...................... مۇھەممەتجان سادىق (18)
قۇمۇل نەزمىلىرى (سېكىل) ...... ئەركىن مۇھەممەت كامالى (24)
قۇمۇل (سېكىل) ............ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (27)
شېئىرلار ...................... ئادىل تۇنىياز (29)
شېئىرلار ...................... ئىسرائىل كېرەم (32)

### ھېكايىلەر

مەڭگۈلۈك بوشلۇق ...................... ھۈسەيىن تاش (34)
بىر پارچە سۈرەت...................... دىلمۇرات مەھمۇت (49)

## ئەدەبىي ئاخبارات


ئاگاھ بولۇڭلار قۇمۇللۇق ياشلار ......... نىياز قاھار (52)


## مەسنىۋىلەر


ئېۋرغولدا ئېرىدى جىسمىم ............ ئوسمان قاۋۇل (59)
سۆكۆتنىڭ سىرى.................. ئوسمانجان زاھىر (63)


## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد


ئەدەبىي ساۋاتنىڭ قازىلىق ئورنى قەيەردىن كەلگەن؟ ......
...................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (66)
ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ۋە شەخسنىڭ رولى ............
.............................. مامبەت تۇردى (69)


## كىتابخانىلار سىنالوگى


شېئىر ـ ئەركىنلىكنىڭ چۇقانى (سۆھبەت خاتىرىسى) ...... (71)


## جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئوكتاۋىئو پاز لىرىكىلىرىدىن ......... ئەركىن نۇر تەرجىمىسى (81)
چوڭ سىياسىئوننىڭ نەزەرىدىكى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»
...................... ئەمەت ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى (85)


## قارنال ناۋاسى


كۆڭلۈم سەندىدۇر .................... ئابدۇللا تۇرسۇن (93)
ھۆر دىيارىمغا ........................ سەدۇل نۇرشا (94)
كۆرۈپ كەتكىن .......................... نىياز قاسىم (94)
ئەر سۆيگۈسى ........................ ناسىرجان ئابلىز (94)
قارنال ناۋاسى ............................. ھەسەن سالى (95)
8 ـ قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسى قۇمۇلدا
ئۆتكۈزۈلدى ........................................ (96)


مۇقاۋىدا: «قارا چىراغ ئۇسسۇلى» (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرەم سىزغان.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
فوتو سۈرەتلەرنى ئېلى سالى، يۈسۈپ ئەخمەتلەر تارتقان.


ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى
مۇدىرى: قادىر ھوشۇر

ھەيئەتلەر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابلىز ئىسمايىل
ئابدۇرېقىپ تۇمۇر
ئارسلان ئابدۇللا
غەيرەت يۈسۈپ
سىيىت ئابدۇراخمان
مۇھەممەت ئەخمەت
نەمەت ياسىن
يۈسۈپ ئىسھاق

بۇ سانىنىڭ تەھرىر ئاكتورى
ئوچقۇن راخمان

8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قۇمۇلدا ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

كۆيلىگەن نادىر ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق خەلقىمىزگە مول مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

تۆمۈر داۋامەت

1997 ـ يىل 25 ـ ئىيۇل. بېيجىڭ

8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قۇمۇلدا ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن.

بۇندىن كېيىن ئىجادىيىتىڭلارنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىنى تىلەيمەن.

سەيپىدىن ئەزىزى

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

مىجىت ناسىر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)



ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، يولداشلار:

8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن قەدىمىي شەھەر قۇمۇلدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ يىغىن پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، يىغىننىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن ۋە سىلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلار، تەھرىرلەر ۋە نەشرىياتچىلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

كۆپ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» ىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىمدىكىلەر بەس ـ بەستە سايراش» تىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۈزلۈكسىز گۈللەندى ۋە راۋاجلاندى. ئېسىل ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى تارقىتىش پائالىيىتى بۈگۈنگە قەدەر يەتتە قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنىمۇ ئۈچ قېتىم چاقىرىلدى. بۇ پائالىيەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلىپ، نۇرغۇن ياخشى ئىلمىي ماقالىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى كۈچەيتىلدى. ئەسەر

ئىجاد قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ ئەسەرلەر كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشچان، سەممىيلىكىنى ۋە ئاق كۆڭۈل، گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەپ، قالاقلىق، نادانلىق ۋە ساختىلىق، قارانىيەتلىك، رەزىللىكنى ئەيىبلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇشى ۋە ئالقىشلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپلا قالماستىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ پائال تۆھپە قوشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇلتۇر 12 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان پەيتتە چاقىرىلغان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»ى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «4 - قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىكى تەبرىك نۇتقى»دىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان يەنە بىر پروگراممىلىق ھۆججىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 5 - قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى تېزدىن بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. ھەر مىللەت يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار يىغىن روھىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى ۋە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزگە يېتەكچى قىلىش كېرەك. تۆۋەندە، مەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە دائىر مەسىلىلەردە توختىلىپ ئۆتىمەن:

**1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.**

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساس ۋە روھىي تۈۋرۈك، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلدۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىخىي ۋەتەنپەرۋەرلىككە، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى دەۋرنىڭ ئالغا بېسىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىيدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەكىتلىشىمىزدىكى مەقسەت، كىشىلەرنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش

ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆز غايىسى ۋە قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. ھەر مىللەت يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلىشى لازىم، مانا بۇ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا قوللاش، زىچ ئىتتىپاقلىشىش، ئورتاق يۇقىرى ئۆرلەشتەك كوللېكتىۋىزملىق روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. ھەممەيلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، تەڭ كۈچ چىقارغاندىلا ئاندىن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نەتىجە قازىنىپ، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ، روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمىز.

**2. باش مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، ئېسىل ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئېسىل ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.**

يولداش جياڭ زېمىن «ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىللەت روھىنىڭ مەشئىلى، خەلقنى باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان سىگنال» دەپ كۆرسەتتى. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ، ئېسىل ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي يولغا قويۇپ، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى نەپىس ھەم دەۋرنىڭ باش مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ھەم كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىكنىڭ ھەر ۋاقىت تۇرمۇشتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى دەۋردىكى قەھرىمان، نەمۇنىچىلەرنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىدىن يوقىلىپ كەتمىگەنلىكىنى، كوممۇنىزم غايىسى نۇرىنىڭ ئەزەلدىن غۇۋالىشىپ كەتمىگەنلىكىنى، گەپ بىزنىڭ بايقىۋېلىشىمىزدا ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. يازغۇچىنىڭ ۋىجدانى ۋە مەسئۇلىيىتى دەۋر ساداسىنى ئىپادىلەش ۋە خەلقنىڭ ئىنتىلىشى، ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچىلىرىمىز جەمئىيەتكە، خەلققە، تارىخقا ۋە مىللەتكە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن دەۋر ۋە خەلق يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئىزچىل خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلق ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى مەدھىيىلىشى، خەلق نەپرەتلىنىدىغان ئىشلارنى قامچىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئەسىرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ ـ دە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، دەۋردىن، خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئەسىرى خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ئىستېتىك قىممىتىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى قارارىدا: كۆپلەپ ئېسىل ئەسەر ئىجاد قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى قېرىنداش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سۈپەتلىك ئېسىل ئەسەرنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، بۇ خىل ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، «بەش بىر قۇرۇلۇش»نى باشلامچى، «ئۈچ چوڭ ئەسەر» (رومان، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى، بالىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى) نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېسىل ئەسەر ئىجادىيىتىنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. يازغۇچىلار جەمئىيىتى، نەشرىيات ئورۇنلىرى ئېسىل ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە زور غەيرەتكە كېلىپ، قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى تاللاش يىللىق پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، ئەمەلدە ئاقىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئېسىل ئەسەر ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ، زۆرۈر بولغان خىراجەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**3. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا ئارىسىغا بېرىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە يۈكسىلىش كېرەك.**

«تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ بۇلىقى» بۇ مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ

ئەسەرلەردە ئىسپاتلانغان ئەمەلىيەت. يېڭى تارىخىي ۋەزىيەتتە، ھەرقانداق يازغۇچى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»نىڭ روھىنى داۋاملىق يېتەكچى قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلۇغ دەۋر ئېقىمىغا ئاتلىنىپ، دەۋر رېتىمىنى ئىگىلەپ، قاينام - تاشقىنلىققا تولغان، مول مەزمۇنلۇق جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن تۇرمۇشتىكى چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىكنى بايقاپ، ئىسلاھات ئىلگىرى سۈرگەن، يېڭى ھاياتنى بەرپا قىلغان كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، دەۋرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سۈرەتلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتكە موھتاج، ئەدەبىيات - سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى ۋە رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بىردىنبىر بۇلىقى. ئىستىقبالغا ئىگە ھەربىر ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسىنىڭ بەدىئىي ھاياتى، ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدا. بۇنداق مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قېلىنسا، سەل قارالسا ياكى ئۈزۈلۈپ كەتسە، بەدىئىي ھايات قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ھەربىر ئەدەبىيات خىزمەتچىمىز ئاڭلىق ھالدا قايناق تۇرمۇشقا ئاتلىنىپ، ئىجادىيەتكە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشىغا ئەگىشىپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى، خەلقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىشىدىكى ئاچقۇچ. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش يازغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ماھارىتى. شۇنداقلا كونا مەسىلە ھەم يېڭى تېما. بىز ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشىمىز يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنى ئۆز ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەت يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى ئۈچۈنمۇ يېڭى مەزمۇنلارنى ئاتا قىلدى. بىز نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئىدىيىۋى قاراشنى يېڭىلاپ، تار تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى نەزەر دائىرە ئارقىلىق زېھنىي كۈچىمىزنى رېئال تۇرمۇشتىكى چوڭ - چوڭ تېمىلارغا قارىتىپ، ئۆز ئىجادىيىتىمىزنى دەۋر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا يۈكسەك بەدىئىي تەسىر كۈچىگە ئىگە، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر ئەسەرلەرنى يارىتالايمىز.

**4. نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋە دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

يازغۇچى، سەنئەتكارلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ، «ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئەسەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىرىنچىدىن، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ يارىتىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، قايناق رېئال تۇرمۇشقا ئاتلىنىپ، دەۋر تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دۆلەت ئەھۋالى، ئاپتونوم رايون ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىنى چۈشىنىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە سەنئەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. يازغۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ روھى پاك بولمىسا ئېسىل ئەسەر يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز تىرىشىپ ئۆزىمىزنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» قىلىپ يېتىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم نەزەرىيىنى ياخشى ئۆگىنىپ روھىمىزنى پاكلاشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئىش قىلىپ، سەممىي ئادەم بولۇشىمىز كېرەك. بۇ ھەر مىللەت يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئۇلۇغ زامانغا مۇناسىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

**5. ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.**

ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىمىزدىكى بىر مۇھىم تەرەپ. لېكىن يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى دېگەندەك جانلىق بولمىدى، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلار بار، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان بىر ئامىل بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، باراۋەر مۇھاكىمىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزئارا مەسلىھەتنى كۈچەيتىدىغانلا بولساق، ھەممە تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە كۆپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرقايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش لازىم. ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىمىز، نەتىجە يارىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان، «قوش تىل»دىن پىششىق پايدىلىنىپ، ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىز لازىم.

**6. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كاپالىتى. تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بولمىسا، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلمىسا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا چاقىرغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى مۇھىم بايانىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچىلارنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن يۈكسەك بىردەك بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا قارشى تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، تېررورلۇق، زوراۋانلىق جىنايەتچىلىرى ۋە قانۇنسىز ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇ يازغۇچىلارنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى.

**7. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.**

ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساداسى، تەلىپى ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش داۋامىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ ھەقىقىي ئائىلىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى لازىم.

يولداشلار، دوستلار، ھازىر شىنجاڭ بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دېمەك، بىز گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى غەنىيمەت تارىخىي پۇرسەتكە يۈزلىنىۋاتىمىز، بۇ مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزگە كەڭ زېمىن يارىتىپ بەردى. شۇنداقلا يېڭى ھەم تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسەتكىنىدەك «21 - ئەسىر كۆز ئالدىمىزدا، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇكى، بۇ ئەسىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق غەلىبە قازىنىدىغان ئەسىر» ئەدەبىياتچىلىرىمىز خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يېتەكچىلىكىدە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن! كۆپچىلىككە رەھمەت!

1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن قارشى ئېلىش نۇتقى

ئابدۇراخمان كېرەم

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)



رەھبەرلەر، ۋەكىللەر، يولداشلار:

مېۋە ـ چېۋىلەر مەي باغلىغان ئالتۇن كۈز پەسلى 8 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى قۇمۇلدا تەنتەنىلىك ئېچىلدى. بۇ قۇمۇلنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ۋە قوللىغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، قۇمۇلنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى خۇشاللىنارلىق كاتتا ئىش. مەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن، يىراق يوللارنى بېسىپ، قۇمۇلغا كەلگەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنى، يازغۇچىلارنى ۋە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە ھەممىيلەندىن سەمىمىي ھال سورايمەن! يىغىننىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلغانلىقىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن!

قۇمۇل ـ شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى، شۇنداقلا يىپەك يولى ۋە ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتۇق. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە قەدەم قويۇش بىلەن بىز «ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىرلەشتۈرۈپ، رايون ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق، «ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا مۇقىملىقنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تېز سۈرئەتنى قولغا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىدە ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى، سانائەتتە ئېلېكتر كۈچى، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، كانچىلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت «قوش بەش» تۈۋرۈك كەسىپنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلىدۇق، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش يېڭى نۇقتىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، رايون ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۈق، بولۇپمۇ، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، قۇمۇل رايونىدا سىياسەت راۋان، كىشىلەر ئىناق، مىللەتلەر ئىتتىپاق، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، جەمئىيەت تىنچ بولۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن تۈرلۈك ئىشلاردا گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردۇق.

قۇمۇل ئۇزۇن تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇق، مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشىمۇ تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. بۇ قېتىمقى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قۇمۇلدا ئېچىلىشى قۇمۇلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر، يازغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ قۇمۇلدا بولغان مەزگىلدە، كۆپرەك ئارىلاپ، كۆپرەك كۆرۈپ، قۇمۇلنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى، شەرت-شارائىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى ھەمدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى كىشى، يېڭى ئىشلارنى كۆپرەك ئېگىلەپ، مۇشۇ ئاساستا، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر، يازغۇچىلار، ۋەكىللەرنىڭ قۇمۇلدا بولغان مەزگىلدە تۇرمۇشىنىڭ خۇشال - خۇرام ۋە خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن، يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# يېڭى، نادىر ئەسەرلىرىمىز بىلەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى

ھېيتەم ھۈسەيىن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى)



ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى، رەھبەرلەر، كەسىپداشلار، دوستلار:

8 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن گۈزەل قۇمۇل دىيارىدا ئېچىلدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى ھەيئەت رىياسىتىگە ۋە سېكرېتارىياتىغا ۋەكالىتەن شۇنداقلا ئۆز نامىمدىن بۇ يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

بۇ يىغىنىنىڭ قۇمۇلدا ئېچىلىشىنى قىزغىن قوللاپ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەم ۋالىي مەھكىمىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى پائالىيىتى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ئارا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلمىي پائالىيەت. خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى پائالىيىتى ھازىرغىچە يەتتە قېتىم، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى. ژۇرنال باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ پائالىيەت داۋامىدا كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەر ۋە تالانت ئىگىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھازىرغىچە جەمئىي 190 ئەسەر (ئاپتور) مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلارمۇ مۇكاپاتلاندى. بۇ ئارقىلىق ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا بىر توركۈم ياش، قابىل كۈچلەر قېتىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلار سېپى كۈچەيتىلدى. بۇ پائالىيەتلەر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە كۆپچىلىكنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىدە، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بارغانسېرى ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىپ، ياخشى ئۈنۈم ۋە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ پائالىيەتكە يولداش تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەت، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۆلتۈر بۇ پائالىيەت پىچاندا ئۆتكۈزۈلگەندە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، بۇ پائالىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىزگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. بۇ قېتىم مۇئاۋىن رەئىسىمىز مىجىت ناسىر بىۋاسىتە قاتنىشىپ مۇھىم يوليورۇقلار بەردى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك خېتىدە: ‹تارىم› ژۇرنىلى باشقا قېرىنداش ژۇرناللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ‹تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى›، ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى› ۋە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق تەسىرى بىرقەدەر چوڭ ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتقانلىقى خۇشاللىنارلىق ئىش. ئاممىۋىلىق ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە رولى چوڭ.» دەپ كۆرسەتتى.

ئەمەلىيەت بۇ پائالىيەتنىڭ ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بەش بىر قۇرۇلۇشى»نى چىڭ تۇتۇش، كۆپلەپ نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ۋە يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»ىدا نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە دەپ ئېنىق

بەلگىلەندى. بۇ دەۋرنىڭ چاقىرىقى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەلىپى، بىز بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ باشتارتىپ بولمايدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپىمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ھېكايە ئىجادىيىتى يىغىنىنىڭ مەركىزىي مۇھاكىمە تېمىسى قىلىنغان. بۇ تېمىنىڭ تاللىنىشىدا نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەت ۋە ژۇرناللارنىڭ ئەھۋالى چىقىش نۇقتا قىلىنغان.

90 - يىللاردىن بۇيان ھېكايە ئىجادىيىتىدە خېلى زور ئىلگىرىلەش بولدى، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرمۇنچە ياخشى ھېكايىلەر بارلىققا كېلىپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھېكايىلەر ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ ھېكايىلەر ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ۋە مۇئەييەن تېمىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، ھازىرقى ئەڭ يېڭى تېما ۋە ئىجتىمائىي تېمىلار، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان مۇھىم نۇقتىلار ھەم تېمىلار ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، ئۇنى يېڭىچە يول بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەردى. بۇ ھېكايىلەر پۈتۈنلەي ئىشقى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن، ئەر - خوتۇن، قىز - يىگىت، قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرا، ئۇششاق - چۈششەك زىددىيەت - توقۇنۇشلار ياكى ئائىلىۋى ئىناقلىق قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايىلەردىن چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتە زور دەرىجىدە ھالقىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چېتىشلىق تۇرمۇش دېتاللىرىنى قېزىپ، ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەمەس، ئۆتكۈر تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن بۇرۇنقى ھېكايىلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندى. مانا بۇ، ھېكايىچىلىقنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. 90 - يىللاردىكى ھېكايىچىلىق مۇشۇ ئاساستا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيە ۋە تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە يېڭى سەۋىيە ياراتتى. بۇنداق ھېكايىلەرنى نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز بۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، ھېكايىچىلىقىمىزدا ئىدىيە ۋە تېماتىك مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئىگىلىشىمىزچە، ھازىر ھېكايىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، بىرى، تېماتىك مەزمۇن كەڭ ئەمەس. ھېكايىلەر كۆپىنچە ئىشقى - مۇھەببەت، ئائىلە، ئەر - خوتۇن، قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن نېرى كېتەلمەيۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئوخشاش تېمىدىكى نەرسىلەر تولا تەكرارلىنىپ، ھېكايىنىڭ تامتۇقى بولمايۋاتىدۇ. تەھرىر بۆلۈملەردىن ئۇقۇشىمىزچە، كېلىۋاتقان ئەسەرلەر ئىچىدە مۇشۇنداق ئوخشاش تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەڭدار ۋە چەكسىز. شۇنداق ئىكەن تېمىمۇ كۆپ خىل ۋە چەكسىز بولۇشى لازىم. بىز رېئال ھاياتتا ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، تۇرمۇشتىن تېما ئېلىپ، تېما مەنبەيىمىزنى تىرىشىپ كۆپەيتىپ، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، زور ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان تۇرمۇشىمىزنى خىلمۇ خىل تېما، خىلمۇ خىل نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تېما جەھەتتىن تار بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالىدىغان قاتمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ھېكايىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، يېڭى - يېڭى بوشلۇقلارغا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلاپ، ئىدىيە ۋە تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

ھېكايىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بەدىئىي سەۋىيە تۆۋەن ياكى ئادەتتىكىچە. ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىزدىنىپ يېڭىلىق ياراتقان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ۋە تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەر تولىمۇ كەمچىل بولماقتا.

دەۋر ۋە خەلق بىزدىن ئېسىل ھېكايىلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى كۈتمەكتە. دەۋرنىڭ تەلىپى،

قېرىنداش مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزدە تېخى ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىك ۋە پەرقلەر مەۋجۇت. قانداق قىلغاندا ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى سەۋىيە ياراتقىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە يولداشلارنىڭ يىغىندا كۆپرەك مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، سۈپەت ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتىنىڭ جېنى، ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەل مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. بىز ئېيتىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەن ۋە ئىمكانقەدەر مۇكەممەللەشكەن بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا بىز تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ دەۋر ۋە خەلقىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالايمىز، رەھمەت - ئالقىشقا سازاۋەر بولالايمىز.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى ئىنتايىن ياخشى بىر گۈللىنىش پۇرسىتىگە نائىل بولماقتا. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. شۇڭا بىز يولداش ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە دائىر مۇھىم سۆز - بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «ئىككى بارچە» فاڭجېنىنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئامما ئارىسىغا، رېئال تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا، دۆلىتىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇلغىدەك نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىپ، تېخىمۇ زور يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بىلەن پارتىيىمىزنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى، شانۇ شەۋكەتلىك 21 - ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى.

يولداشلار، ھەر قېتىمقى يىغىن بىر ياخشى ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى بولۇپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭمۇ ئاشۇنداق بولۇشىنى، يىغىن ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق، ئىجادىيەت ۋە ژۇرنال باشقۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا يىغىنغا زور مۇۋەپپەقىيەت، يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

توختىخان ئىسمايىل

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)



ھۆرمەتلىك ئەدىبلەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىرلار، ھەرقايسى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى، قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 8 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 4 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بېكىتىلگەن كۈنتەرتىپلەرنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى ئاقتاشتا غەلىبىلىك يېپىلدى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، غەلىبىلىك ئاخىرلىشىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم بەرگەن، قوللىغان ئورۇنلارغا، شەخسلەرگە ھەمدە خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ماسلاشقان ژۇرنال تەھرىر بۆلۈم مەسئۇللىرىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن ۋە بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى يېتەرلىك بولدى. يەنە ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزى بىۋاستە يىغىنغا قاتنىشىپ، مۇھىم يولىيورۇقلارنى بەردى ۋە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى. تۆمۈر داۋامەت، ئىسمايىل ئەھمەت، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمىزمۇ تەبرىك خەت، تەبرىك تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، يىغىنىمىزغا ئۇتۇق تىلىدى. بولۇپمۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى يىغىنىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېچىلىشى ئۈچۈن نەق مەيداندا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئەدىبلىرىمىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، يىغىن شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. شۇڭا يىغىن كەيپىياتى جانلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ بولدى.

2. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار تارماقلار يىغىنغا ماسلاشتى يەنى قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت، قارادۆۋە يېزىسى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى بازىسى، ياۋۇلۇڭ ئېچىش رايونى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار خىزمەتلىرىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىن تارتىپ، شەھەر ـ يېزىلىرىغىچە تۇتاشقان يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي خۇسۇسىيەت گىرەلەشكەن ئاھالىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، سىردىشىش شارائىتىنى يارىتىپ بەردى.

3. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر خىزمەتلىرىمىزگە يېقىندىن ماسلاشتى. ۋەكىل يولداشلار بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە خىزمەتلىرىمىزنى يۇكسەلدۇرۇشكە ئاقىلانە تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بېرىش ئارقىلىق يىغىنىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا يېقىندىن ماسلاشتى.

يىغىن جەريانىدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چاڭيۇەننىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق. 24 نەپەر ئاپتورنى ۋە ئۈچ نەپەر مۇنەۋۋەر مۇھەررىرنى مۇكاپاتلاپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇۋاتقان ئاپتورلارنى رىغبەتلەندۇردۇق، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭى بويىچە قەلەم تەۋرىتىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بەردۇق. بولۇپمۇ يىغىننىڭ 2 ـ كۈنى سەككىز نەپەر ئەدەبىي ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىمىز ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ھېكايىدىكى تىل ئىشلىتىش، شۇنداقلا نەسىر ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي بايانلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىن ئەھلىنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىنى بېيىتتى. قىسقىسى يىغىنىمىز ئىنتىپاقلىق يىغىنى، ئورتاق تىرىشىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش يىغىنىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قۇمۇل بوستانلىقىدىكى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

قۇمۇل شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى شۇنداقلا قەدىمىي شەھەر. قۇمۇلدا مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى ۋە سەيلىگاھلار بىرقەدەر كۆپ. يىغىن ۋاقتى زىچ بولۇپ قالغاچقا يولداشلارنى ئۇ جايلارغا ئاپىرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇڭلاشقا ئەدىبلىرىمىز ۋە مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىن ۋاقىت ئاجرىتىپ قۇمۇلغا كېلىشىنى، قۇمۇل خەلقى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇش ئۆگىنىپ كۆپلەپ ئەسەر ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەتلىك ئەدىبلەر، مۇھەررىر يولداشلار يىغىنىمىز گەرچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىزنىڭ كۈتۈش ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمىتىمىزدە بەزىبىر نۇقسانلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ۋەكىللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىكلىرىمىزنى كەچۈرۈشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا يولداشلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

يولداشلارغا رەھمەت.

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# 8 ـ قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:
«ۋىسال شادلىقى» (شېئىر) 97 ـ يىل 7 ـ سان. تۆمۈر داۋامەت (شەرەپ مۇكاپاتى)
«قىرلىق ئىستاكان» (ھېكايە) 96 ـ يىل 12 ـ سان. ئەكبەر غۇلام (تەرجىمىسى)
«يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر نەزەر» (ماقالە) 96 ـ يىل 12 ـ سان. ئارسلان ئابدۇللا (تەرجىمىسى)

«تارىم» ژۇرنىلىدىن:
«كۆيلەر كۆزى» (پوۋېست) 96 ـ يىل 8 ـ سان. ئابباس مۇنىياز
«قۇياشقا تۇتاشقان يول» (ئەدەبىي ئاخبارات) 96 ـ يىل 10 ـ سان. دولقۇن ئەلى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن:
«شېئىرنىڭ بىر قانىتى» (ئوبزور) 96 ـ يىل 6 ـ سان. ئادىل تۇنىياز
«قەددىم كېرىپ ياندىم ھاياتتا» (شېئىرلار) 97 ـ يىل 3 ـ سان. ئىمىن ئەخمىدى

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىن:
«كىرورەن گۈزىلى» (شېئىر) 97 ـ يىل 2 ـ سان. مۇھەممەتجان سادىق
«بومبايىنىڭ ئارقا كوچىسى» (ھېكايە) 96 ـ يىل 6 ـ سان. ئابدۇرۇسول سېيىت

«تۇرپان» ژۇرنىلىدىن:
«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ» (ئوبزور) 97 ـ يىل 1 ـ سان. مۇھەممەت نىياز
«قەلبىمىكى ئاتەش» (ھېكايە) 96 ـ يىل 3 ـ سان. ئانارگۈل خوجىئەخمەت

«بوستان» ژۇرنىلىدىن:
«چەت ئەل سەپىرى ئويغاتقان ھېسلار» (ئەدەبىي خاتىرە) 97 ـ يىل 1 ـ سان. تۇرسۇن ئەبەي
«ئال، بۇ مېنىڭ يۈرىكىم» (نەسرىي شېئىر) 96 ـ يىل 3 ـ سان. ئەركىن نۇر

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىن:
«قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى» (پوۋېست) 97 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ سان. تۇرسۇنجان مۇھەممەت
«ھېلىمۇ بار كاككۇك گۈللىرى» (شېئىر) 96 ـ يىل 5 ـ سان. ئۆمەرجان توختى روزى

«مايبۇلاق» ژۇرنىلىدىن:
«قىسىلغان روھ» (ھېكايە) 97 ـ يىل 2 ـ سان. ئارسلان تالىپ
«ئۆزگەلمەس نەپەسلەر» (شېئىرلار) 97 ـ يىل 2 ـ سان. ئەركىن مۇھەممەت كامالى

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:
«ئاھ، لالە» (داستان) 96 ـ يىل 5 ـ سان. يالقۇنجان ئىسلام
«ئەھەت تۇردى ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» (ئوبزور) 96 ـ يىل 5 ـ سان. ئېزىزجان توختىھاجى

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:
«ئارزۇ» (سېكىل) 96 ـ يىل 4 ـ سان. كېرەم قاسىم ئەۋجى
«شېئىرلار» 96 ـ يىل 4 ـ سان. تۇرسۇن تۇردى

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:
«بوۋاي، پەرىزات ۋە ئۈجمە دەرىخى» (ھېكايە) 97 ـ يىل 2 ـ سان. ياقۇپ كېرەم
«ئوۋ تاماشىسى» (نەسر) 97 ـ يىل 1 ـ سان. ئەخمەت ئىمىن
«غەزەللەر» 96 ـ يىل 4 ـ سان. ئابدۇللا تۇرسۇن
«قۇمۇل بوستانلىقىدا بەزمە» (تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى) 96 ـ يىل 4 ـ سان. بەگمەت يۈسۈپ

مۇنەۋۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر
«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىن: تۇنىياز مەتنىياز
«بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن: ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن
«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىن: بەگمەت يۈسۈپ

مۇھەممەتجان سادىق

# شېئىرلار

## قوبۇل قىل، ئاق چاچلىق ئانا

- شائىر!
تۇتمىدىڭغۇ ماڭا گۈل - چېچەك،
يا سېنىڭ يۈرىكىڭنى
يالقۇنلۇق ئىسسىقىم كۆيدۈرمىدىمۇ؟!
تاغلىرىم،
باغلىرىم ياقمىدىمۇ يا،
ھەسەن - ھۈسەندەك قۇتلۇق ئىزلار
ئىلھام پەرىسىنى سۆيدۈرمىدىمۇ؟!...
- ياق، ئانا!
ياق، قۇمۇل!
يۈرىكىم گۈل - چېچەككە كەتتى تولۇپ
خۇددى ئاسمان تولغاندەك يۇلتۇزلارغا،
بىراق، بوشىمىدىم
بەزمە - مەشرەپ، سەيلىلەردىن...
تۇتالمىدىم ئىسسىق قۇچىقىڭدا
ئىككى قوللاپ
زەپ چىرايلىق ئېچىلغان
كۆڭلۈمدىكى
رەيھان، چۇغلۇق، لەيلىلەردىن...
بۈگۈن مانا، ئۆز ئۆيۈمدە ئولتۇرىمەن.
كۆزلىرىم
ئارىتامدىكى باغلارنى،
ئاقتاش دېگەن تاغلارنى
كۆرەر قۇياش تۆكۈپ...
باغرىڭدا يالقۇنلىغان تۇمۇر خەلپە.
خوجىنىياز ئىزلىرىغا
تىكىلىپ ئۇزاق.
قالدىم تۇرۇپ خىياللاردا
تارام - تارام ياش تۆكۈپ...
باتۇر ئاتا!
گۈزەل ئانا!
كۆڭلۈمدىكى
سەن بەرگەن باھارنىڭ
گۈل - چېچەكىدىن
ئەۋەتتىم باغلاپ گۈلدەستە.
قوبۇل قىل، ئەۋەتىپتۇ بالام، دەپ!
بۈگۈن كېچە
سېنى كۆرۈپ چۈشۈمدە
ئويغىنىپ كەتتىم
ۋارقىراپ،
قوللىرىمنى سوزۇپ سەن تەرەپكە.
مېنىڭ ئاقتاشتەك
ئاق چاچلىق ئانام، دەپ!

1997 - يىل 8 - ئاي، قۇمۇل - غۇلجا



# قارادۆۋە مەشرىپى

قارادۆۋە!
قەدىمىي سەھرا!
سەن كېلىۋاتقان ئەزىمەتنى
گۈرس - گۈرس دەسسەپ
مىڭ مىڭ يىللارنىڭ يوللىرىدا؟!
كەينىڭدە يولتوزلۇق ئاسمان.
يېنىۋاتقان پارلاق ئىزلىرىڭ!...
ھەربىر ئىزدا
ياڭرايدۇ ناغرا - سۇناي، راۋاپلار.
شادىيانە ناخشا - كۈلكىلەر.
بىر - بىرىگە تۇتىماقتا گۈل
بىر - بىرىگە باغلاپ قول.
ئوغۇل - قىزلىرىڭ...
سەن بېسىپ ئۆتتۈڭ كۈلكىنىمۇ،
سەن بېسىپ ئۆتتۈڭ يىغىنىمۇ
قاقاخلاپ كۈلۈپ،
يۈرىكىڭ ناخشا!
يۈرىكىڭ ئارمان!
بىلەتتىڭ:
يول بار بۇ سېھىرلىك ئالەمدە
ئاھ، ۋاھ دېمەي ياشىيالىساڭ
كۆكرەك كېرىپ،
ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىمۇ گۈمبەز - ئاسمان!..
قارادۆۋە!
ئولتۇرىمەن مەشرىپىڭدە
كۆزلىرۈمدىن زەر چېچىپ،
گۈل چېچىپ.
خۇددى قۇياشتىن چېچىلىۋاتقان
ئوتلۇق يالقۇندەك
ھاياجان ئىچىدە...
بىلمىدىم، بۇرۇنمۇ شۇنداق
كۆيگەندىمىكىن؟!
خۇددى يېنىۋاتقان گۈلخاندەك
ئولتۇرىمەن، يېشىل بوستان،
ناخشىغا ئايلانغان كېچىدە...
قىزلار قولىدا گۈل!
ئوغۇللار قولىدا گۈل!
ئاق چاچلىق چىرايىدا تەبەسسۇم!
ئاق ساقال چىرايىدا
گۈلگۈن مەۋسۇم!
كۆڭۈللۈك مەشرەپ تازا ئەۋجىدە!
ماڭلايلىرىدىن تاڭ شەبنىمى
چېچىلىۋاتقان.
ئاياغلىرىدىن گۈل ئېچىلىۋاتقان
بۇرۇتلۇقلار،
ئۇسسىلچىلار
گويا قاينام مەۋجىدە!...
شۇ چاغ
قارا، دېگەندەك
بىر بېشارەت بولدى غايىبتىن.
كۆزلىرىم ئىشكىتە:
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
كېرىپ كېلەتتى قوللىرىنى
ئېلىپ كۆكسىگە.
نۇر ئۇچاتتى كۆزلىرىدىن،
كۈلگەن سېھەر -
مۇڭ ئۇ چاتتى يۈزلىرىدىن،
چۈشكەن يۇتى يالقۇنلۇق ئىز
ئانا تۇپراق ئۈستىگە...
يېنىدا
گۈل - چېچەكلىك باھار ھاپاشلاپ
كېلەر ئا. خوجا،
ئىپار پۇرىقى
تارايدۇ ئاغزىدىن ئالەمگە گۈپۈلدەپ...
پىرقىراپ،
قول باغلاپ
تۇتتى گۈل ئىككىسى نەۋرىسىگە،
تارايدۇ چىرايىدىن
مۇھەببەت تومۇزى ھۆپۈلدەپ...
ئۇسسۇل ئويناپ چارچىمايتتى پۇت،
ناخشا ئېيتىپ قانمايتتى يۈرەك.
مەشرەپ گويا

پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان
مۆجىزىلىك بىر قاينام. . .
بۈگۈن كېچە
بۇ يەردە بولۇۋاتقاندەك
جان - جىگەر قېرىنداشلار جەم بولۇپ،
مۇھەببەت كۆلۈپ گويا كاتتا بايرام! . . .
قارادۆۋە!
قەدىمىي سەھرا!
ئىزدىن ئىزغا
باھار يۈدۈپ بارىدۇ شۇنداق:
زەر گۈللۈك كىمخاپ
كىيدۈرگىچە ئالەمگە
قىزىغان مەشرەپلىرى. . .
كىم دەيدۇ بولمايدۇ دەپ،
كۈندۈزگە قۇياش،
كېچىگە تولۇنئاي،
ئاسمانغا ھەسەن - ھۈسەن
بۇ يۇرتنىڭ شان - شەرەپلىرى! ؟ . . .

1997 - يىل 8 - ئاي
قۇمۇل قارادۆۋە - غۇلجا

## ئۈزۈملىرى مەي بولغان باراڭ

يۇرىمەن كۆڭۈللۈك چاغ ئىچىدە،
ئۈزۈملۈك باغ ئىچىدە.
ساھىبخان چىرايىدا
خۇشخۇي تەبەسسۇم.
ئالەم - مۇھەببەت:
كۆيۈۋاتقان.
باغ گويا يېشىل كۆڭلەكلىك دىلبەر:
شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان،
ئالەم: بىر سېخىي مەۋسۇم. . .
باراڭلار ئاستىدا مۆكەر يۇلتۇزلار،
سىڭگەن ھەر شىڭگىلگە
ئاي ۋە تۈن.
كۈن ۋە كۈندۈزلەر،
ئوتلۇق مۇھەببەت،
يۈرەك شەبنىمى. . .
سىڭگەن ئۈزۈملەرگە
قاراپ تۇرغان خۇش چىرايىنىڭ
ئارزۇلىرى،
تىلەكلىرى؟! . . .
بۇ باغلار قارادۆۋىدەك
شۇنچە قەدىمىي. . .
كېلەمدۇ كۆز ناغرا - سۇناي.
ھاي - ھاي ئۆلەنلەر، ياپيېشىل باراڭلارغا،
دوست - يارانلەر
بەزمە قىلامدىكىن بۇ يەردە؟!
شىڭگىل - شىڭگىل ئۈزۈملىرىدىن
مەي ئېقىپ.
كۆڭۈللەرگە شادىيانە نەي ئېقىپ
نەزمە قىلامدىكىن بۇ يەردە؟! . . .
قارادۆۋىلىك نەۋقىران باغۋەن
يۈرىدۇ
باراڭلاردىن توي كۆرگەندەك،
بىر ئىزگۈ ئارمانلاردا ئوي سۈرگەندەك.
ئۈزۈمزار ئارا. . .
مەنمۇ باراڭ ياسىۋىدىم،
ئۈزۈملىرى مەي بولغانمىدۇ،
كۆرگەنلەر كۆڭلى نەي بولغانمىدۇ؟!
كۆيمەكتە يۈرەك سۈرەتلىك
بىر گۈلخان، قارا! . . .

1997 - يىل 8 - ئاي، قۇمۇل قارادۆۋە - غۇلجا

## قارادۆۋە چىلىنى

ياتىدۇ، قارىغىنە، قەبرىستىندە
بىر يوغان ئەركەك
قارادۆۋىنىڭ قەدىم بوۋىسى①
باغرىنى
ئانجان تۇپراققا يېقىپ...
شاخلاردىكى قوڭۇر چىلان،
بىلمىدىم، ئۇنىڭ قاتقان مۇھەببىتىمۇ.
يۈرىكىدىن
ئېتىلىپ چىقىپ؟!...
ياشارتقۇدەك،
گۈرس - گۈرس ئاياغ تاشلاتقۇدەك،
داۋامىش تۇرلۇك - تۈمەن كېسەللەرگە
قوڭۇر رەڭلىك ئاشۇ شۆھرەت...
شۇنداق!
ياشارتىدۇ ئادەمنى
تاشلىتىدۇ گۈرسۈلدىتىپ قەدەمنى،
شىپا تۈرلۈك - تۈمەن كېسەللەرگە
مۇھەببەت -
ئىلاھىي قۇدرەت!...
قانچىنچى نەۋرىسىكىن
ئاۋۇ چىلان يەۋاتقان -
ئەتلەس كۆڭىنەكلىك،
گۈل يۈزلۈك جانان؟!
كەلگەن مۇھەببەت
ئۆتمەمدۇ چەۋرىلەرگە،
يەيدۇ تېخى (ئىشىنىڭلار!)
ئەتىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى -
بۈگۈنكى ئارمان!...

1997 - 8 - 9. ئايلار
قۇمۇل قارادۆۋە - غولجا



## ئاقتاش خىياللىرى

ئىمىدىگەن گۈزەل يەرلەر!
ئىمىدىگەن سېخىي ئەرلەر!
بۇنداق زېمىندىن
كىمنىڭمۇ كەتكۈسى كېلەر
ئۈزۈپ مېھرىنى!؟...
ھەركىمنى قىزىقتۇرار تۇلكە تېرىسى.
سىرىماقتا ھاياجانىنىڭ
رەڭدار مۇنچاقلىرىنى
ئەنە، زوردۇن؟②
ئوقىماقتا شائىر شېئىرىنى...
ئاقتاش!
بىلمىدىم، سۈتتىن تۆرەلگەنمىكىن
خۇددى قۇرتتەك قېتىپ؟!
ئۇ ھەيكىلى
مېھرى - مۇھەببەت.
ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ!
گويا ئۇ، نۇرلۇق قۇياش،
كۆكسىدە يانغان
بۇ تاغلار،
بۇ قارىغايلار،
ياپپېشىل ئوتلاق،
رەڭدار گۈللۈكنىڭ...
بىلمىدىم،
سىرى نىمىكىن:
قالغانمىش كىچىكلەپ
بۇرۇنقىدىن ئاقتاش؟!...
كېزىمەن خىياللار دالاسىدا...
گويا مەن تاھىر
ئۈزىمەن
ئاقتۇرۇپ جاۋاب
ئاقتۇرۇپ زۆھرە - مۇھەببەت
قايىنغان سىرلار دەرياسىدا...
تۇرىدۇ كۆزلىرىمدە
ئاشۇ ئاقتاش.
ئاھ، ئۇ، يوقاپ كېتەرمۇ

---

① قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى جەسەت چىققان.
② يازغۇچى زوردۇن سابىر.

كۆنلەر كېلىپ؟!
بۇ قانۇنىمۇ تەبىئەتنىڭ؟!
ئۇيمانلار تاغ بولارمىدۇ
چۆكۈپ تاغلار؟!...
ۋارقىرىدىم
يۈرىكىم سېلىپ:
ئاقتاش كەتمىسۇن يوقاپ،
يەنە ئۇ.
خۇددى قۇياشتەك تۇرسۇن چاقناپ
بۇ قەدىم تاغلار ئارىسىدا!
گۈللەر ئېچىلسۇن
مېھرى - مۇھەببەت.
مەسۇملۇكتىن خۇش پۇراق چېچىپ.
ئاسمان ئاستىدىكى
ئاق كۆكۈللەر دالاسىدا!...

1997 - يىل 8 - 9 - ئايلار
قۇمۇل ئاقتاش - غۇلجا

## ئارىتامدىكى باغ

يىراق جىلغا، قاتمۇ - قات تاغلاردا،
سۆيۈملۈك ئارانياتاندا،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۇن - تۇنسىز خالى بىر جايدا...

(«ئېدىقۇت شېئىرلىرى»دىن تەرجىمە)

1

كۈنگەي تەرەپتە
ئېگىز تامدەك
قاتمۇ - قات قاقاس تاغلار.
باغداش ناخشىسى
كېلىدۇ دەل - دەرەخلىك -
ساي ئىچىدىن.
كېلىدۇ جىلۋە - ناز بىلەن
ئويناقلاپ
سۆيگۈ پەرىشتىسى -
ئاھۇ كۆز شېرىن
يالقۇنلىغان ئاي ئىچىدىن...
تاغنىڭ ئالدى
كۆز يەتكۈسىز باغ.
ئالما، ياڭاق... يوپۇرماقلىرى
كۆرسەتمەيدۇ زېمىنغا
قۇياش نۇرىنى...
كىم بىنا قىلدىكىن بۇ باغنى
قاچان؟
بىر ئىزگۇ جىمجىتلىق ئالىدۇ نەپەس.
ھاۋاسى جاننىڭ ھوزۇرى،
ئايدىڭ تۈنلەردە
ئوينىتار ئارزۇلاپ ئاسماندىن چۈشكەن
ئەرش ھۆرىنى...
كۈن پاتار تەرەپتە
توپىلىق بىر تاغ
ئۆرۈلگەن يېرىمى.
گۈللۈك مەرەپلەر،
رەسىملىك تاملار
قالغان كۆرۈنۈپ...
يازغانمىكىن نەزمە
بىر زامان.
بۇ يەردە
راھىبە سىلىغ تېگىن[①]
بۇ باغنىڭ گۈزەللىكىدىن
دىلى سۆيۈنۈپ؟!...
قالدى تارىخ... ۋە لېكىن، يەرۇ ئاسمان.
بۇ باغنى ئېرەم
تېخىچە
ئۆز گۈزەللىكى، ئۆز پەيزىدە!...
شائىرەنىڭ قۇتلۇق شېئىرى

---

① سىلىغ تېگىن - راھىبە ۋە شائىرە. تۈركىيە تۈركولوگى رەشىت رەھمىتى ئارات 1965 - يىلى ئەنقەرەدە نەشىر قىلدۇرغان «ئەسكى (كونا) تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق توپلامدا قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرەسى سىلىغ تېگىننىڭ شېئىرىنى بەرگەن.

جاراڭلايدۇ قۇلىقىمدا.
خۇددى ئۆزىدەك
چاچلىرى قۇندۇز،
كۆزلىرى يۇلتۇز
قىزى لەۋزىدە! -

2

ئەگىپ كېتەلمەي
قۇياشمۇ يۇرەر ئۇستىدە.
ئالتۇن نۇرلىرى
ئاستىغا چېچىلغان تىللا.
ناخشا ئۇزەر
ياندىكى سۇ ئامبىرى... قېيىقلاردا...
كۆز يەتكۇسىز باغۇ بوستان.
سۇ ئاقار شىلدىرلاپ
چۆرىسىنى گۇل - گىياھ باسقان
ئېرىقلاردا...
خۇددى جاراڭلىغان جانان چىنىدەك
چىقتى كۇلكە
ياپيېشىل يوپۇرماقلارنى
شىلدىرلىتىپ ھاياجاندا...
ئاسمانغا قارىدىم
گويا قۇياش كۇلۇۋاتقاندەك...
ياق!
كۇلكە
بۇ قەدىم،
گۈزەل ماكاندا..
كىملەردۇر كۇلگەن؟
مېۋىلىك دەل - دەرەخ ئارا
كۆرۈندى غىل - پال ماڭا
كۇلۇۋاتقان بادام دوپپا،
ئەتلەس كۆڭلەكلەر...
گويا ئۇچاتتى بىر كۆرۈنۇپ،
بىر كۆرۈنمەي
جۇلالىنىپ،
كۇلكە چېچىپ
رەڭمۇ رەڭ ھەسەن - ھۇسەن.
گۇلدار كېپىنەكلەر...
بىردىن يادىمغا كەلدى ۋاڭلارنىڭ
بۇ يەردە قىلغان سەيلىسى.
ئاڭلانغاندەك بولدى ماڭا
بوغۇق يۆتەل.
قەدىم كۇلكىلەر...
قالدى تارىخ.
ئويىنار بۇندا
قاقاقلاپ كۇلۇپ
بەدەن - بەدىنىدىن كۇلكە ياغقان
بۆرە - تۇلكىلەر...

1997 - يىل 8 - 9 - ئاي
قۇمۇل ئارىتام - غۇلجا

## «خوش دېمەيمەن»

زىياپەتتە
قەدەھ تۇتۇپ
- خوش دېمەيمەن! - دېدىڭ ساھىبخان،
بىلەلمىدىم بۇ سۆزۈڭنىڭ سىرىنى.
يا رەنجىدىڭمۇ مېنىڭدىن،
يا يەنە بىر كەل، دېدىڭمۇ
تۆكۇپ يۇرىكىڭنىڭ مېھرىنى؟!...
تېخىچە خىيالدىمەن،
خوشلىشىش -
ئاتىلاردىن قالغان ئادەتقۇ؟
نېمىشكە خوشلاشمىدىڭ
خەيرى - خوش، دەپ؟!
ئېيتقىنە، نېمە مەنادا
چىقتى كۆڭلۈڭدىن
خوش دېمەيمەن، -
دېگەن ئاشۇ گەپ؟!
راستلا خوش دېمىدىڭ
مەن قايتار چاغدا،
مەنمۇ كەتتىم ساڭا
غايىبانە خوش ئېيتىپ...
لېكىن، بۇ «خوشۇم»
ئەمدى كەلمەيمەن دېگىنىم ئەمەس،
كەتتىم ئانا يۇرتىڭنىڭ
مېھرىگە پېتىپ...

1997-يىل 8-9-ئاي، قۇمۇل - غۇلجا

## ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# قۇمۇل نەزمىلىرى

(سىكىل)

### سىرغىپ چۈشتۈم تارىخ مەڭزىدىن

سىرغىپ چۈشتۈم تارىخ مەڭزىدىن،
بويلاپ ئۇيۇق سىزىقلىرىنى.
چىقىپ كەلدى كونا قەبرىلەر،
ئەگەشتۇرۇپ باللىرىنى.

قېرى سۆگەت ئۈستىدە پاختەك،
تۇۋلىماقتا ھىجران كۈيىنى.
گۈمۈرۈلگەن قەلئە تاملىرى،
تىڭشىماقتا ئەزان ئۈنىنى.

سۇنايلىنىپ ياتار ئۆستەڭلەر،
تامچە سۇغا بولۇپ ئىنتىزار.
ئۆتمۈشىنى يوقاتقان كۆۋرۈك،
يىراقلارغا تەلمۈرۈپ باقار.

توپا باسقان چىرايىم بىلەن،
ھېيتگاھقا كىردىم سالام دەپ.
قۇچاق ئاچتى ئۇندا تۇۋرۇكلەر،
يۈزلىرىڭگە سۆيەي بالام دەپ.

چېھرى سولغۇن، بېلى ئېگىلگەن،
بەلكى ئۇلار قېرىپ قالغاندۇ.
ياكى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ،
پۇت - قوللىرى تېلىپ قالغاندۇ.

تاملىرىدا كۆركەم سۈرەتلەر،
قاراقلارغا رەڭ بەردى ھەيھات.
تۇرۇپ قالدىم بولۇپ تىلىم لال،
يۇتتى بىردىن ئاچچىق سۈكۈنات.

دوقمۇشلاردا تەۋەررۈك چوڭلار،
موخوركىدىن ئالار دەردىنى.
تېزەك قالاپ ئۆتكەن مومايلار،
چۈمۈلىگە ئېيتار ئەرزىنى.

سىرغىپ چۈشتۈم تارىخ مەڭزىدىن،
چىنلىقىنى ئۇنىڭ ئاختۇرۇپ.
شۇ قەدىمىي توپىلىق يولغا،
يېڭى - يېڭى ئىزلار قالدۇرۇپ.

كۈتۈپ ئالدى باغلار - چىمەنلەر،
ئەڭ سەممىي تىلەكلەر بىلەن.
سالام قۇمۇل، قەدىمىي دىيار،
بولۇپ كېتەي سەن بىلەن بىر تەن.

1997 - يىل ئاۋغۇست، قۇمۇل

### قارادۆۋىنىڭ ئاق دىل دېھقىنى

ئىشىكىڭنى ئېلىمغىنىڭ راست،
يەردىن بەخت ئىزدىگىنىڭ راست.
تۆكۈپ بېرىپ مېھمانغا بارنى،
قىلچە مىننەت قىلمىغىنىڭ راست.

باغلىرىڭغا كىرىپ بەھۇزۇر،
تاللاپ يېدۇق مېۋىلىرىڭنى.
رەنجىمىدىڭ، تۇرمىدىڭ قاپاق،
چېقىپ قويساق چىنىلىرىڭنى.

چىلانلىرىڭ جاھانغا مەشھۇر،
رەڭ ئالغانمۇ سېنىڭ قېنىڭدىن.
ئۈزۈملىرىڭ سۈزۈك يالتىراق،
نۇر ئالغانمۇ سېنىڭ كۆزۈڭدىن.

ئالقانچىلىك ئاشۇ شەھرادا،
سەن ياشايسەن تەمەدىن يىراق.
كەلگەنلەرگە بېرىپ قاپاق چاي،
دىللىرىغا سالدىڭ ئىشتىياق.

تارتساڭمۇ سەن قانچىكى جاپا،
باشقىلارنى ياشنىسا دەيسەن.
تېرىقچىلىق ئىشتىمۇ ھەرگىز،
مەندىن كۆڭلى قالمىسا دەيسەن.

گەر يىقىلىپ چۈشسە بىرەرسى،
دەررۇ كېلىپ يۆلەپ قويسەن.
يېشىنى سۈرتۈپ، شىمىنى قېقىپ،
كۆزلىرىنى پۈۋلەپ قويسەن.

يامانلىقتا قەھرىڭ گويا ئوق،
ياخشىلىقنى ئويلاپ تۇرسەن.
ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يېتىپ،
يېتىملەرنى يوقلاپ تۇرسەن.

ئاۋازىڭغا بۇلبۇل ھەس - ھەيران،
مۇقاملىرىڭ جاننىڭ ئارامى.
ئۈزۈلمىدى تارىختىن بۇيان،
مەشرەپلەرنىڭ سەندە داۋامى.

قارادۆۋىنىڭ ئاق دىل دېھقىنى،
سەن تونۇتتۇڭ ئۇيغۇرنى ماڭا.
سىققانچە شۇ يىرىك قولۇڭنى،
ئېشىپ بارار ھۆرمىتىم ساڭا.

قارادۆۋىنىڭ ئاق دىل دېھقىنى
بۇلغىمىدىڭ ئەجداد قېنىنى.
شۇ بىباھا خىسلىتىڭ بىلەن،
پاكلاندۇردىڭ شائىر تېنىنى.

## ئاقتاش

سەن تۇغۇلدۇڭ قايسى ئاندىن،
قايسى مۆجىزە
ئاپىرىدە قىلغاندۇ سېنى؟
دېھقان بىلەن چوپانلىرىڭنىڭ
كۆڭۈللىرىدەك بىپايان كەتكەن
مۇشۇ يايلاقتا.
ياكى سەن،
قولباق ئەۋلىيا[①]
ئايەت ئوقۇپ سىيلاپ قويغان
خاسىيەتلىك ئاپئاق تاشمۇ سەن؟
كۆك ئاسماندىن چۈشكەنمىدىڭ يا؟
نۇرلىرىڭ بىلەن
يورۇتماق بولۇپ
سۆيگۈلەرگە تولغان زېمىننى.
سەن ھاۋانىڭ كۆكسىدىن،
تامغان ئۇغۇز سۈتىمۇ؟
ئاپئاق تاشقا ئايلىنىپ قاتقان؟
ياكى سەن،
ئاسمان بىلەن زېمىندىن
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇلمۇ
بۇ ئالەمنىڭ كەچمىشلىرىنى،
تىلسىم قىلىپ باغرىغا بېسىپ
قىيامەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەن؟
چۆكۈپ - چۆكۈپ نەگە بارسەن؟
بولدۇڭمۇ بىزار،
رەزىللىككە تولغان دۇنيادىن.
ئۇنتۇپ جىمى ئەسلى - ۋەسلىنى،
ئۆچۈپ قالاي دېگەن چىراغنى
يىڭنە بىلەن پەرلەپ ئولتۇرۇپ
ئۆزلىرىگە تەڭرىدىن،
بەخت تىلەپ يىغلاپ ئولتۇرغان
ئاللا كىملەردىن؟
بولدۇڭمۇ بىزار،
تاھارەتسىز بىزەپ پۇتلارنىڭ
باش - كۆزۈڭگە دەسسەشلىرىدىن؟
ئاستا - ئاستا چۆكۈپ بارىسەن،
قالدىمىكىن يا

---

① تۈرك رىۋايەتلىرىنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە قولباغ ئەۋلىيا تاش ئۈستىگە تەڭرى قولى قولباق دەپ يازسا قارا تاش ئاقىقا، ئاق تاش قارىغا ئۆزگىرىپ كېتەرمىش (ئاپتوردىن).

سالمىقىڭنى كۆتۈرەلمەي يەر شارى؟
سانسىزلىغان سوئال ئىچىدە،
قېتىپ قالدى قاراقلىرىم بىردىنلا.
روھىم،
ئاپئاق نۇرغا ئايلىنىپ —
سىڭىپ كەتتى قۇچاقلىرىڭغا.
كىرىپ كېتىپ يېرىلمىش تاشقا،
پاكلانغان قىزدەك
پاكلاندۇرماق ئۈچۈن ئۆزىنى.
بۇندا قاراپ تۇرىمەن ئەمدى،
ياساپ قويغان ھەيكەلدەك قېتىپ.
بىزەپ تېنىمدىن
چىقىپ كەتكەن روھىمنى ئىزدەپ.
ئاقتاش،
ئاقتاش
پاكلىقىڭنى بەرسەڭچۇ ماڭا،
ئاقلىقىڭنى بەرسەڭچۇ ماڭا؟!

1997 - يىل 16 - ئاۋغۇست، قۇمۇل - قاراماي

## قۇمتاغ

قۇمتاغ،
قۇمتاغ.
كىملەر قويدى ساڭا بۇ ئاتنى،
قاچان،
قايسى زاماندا
ئاپىرىدە بولغان ئىدىڭكىن
بۇ بىپايان تۇپراقنىڭ
بۇ پايانسىز كەڭرى يايلاقنىڭ
بۇ مۇقەددەس مەركىزىگە سەن؟
ھېچكىم بىزنى تونۇشتۇرمىدى،
ھېچكىم ماڭا
سۆزلەپ بەرمىدى رىۋايىتىڭنى.
ئەمما سېنىڭ ئېتىڭنى ئاڭلاپ،
مېھرىم چۇشۇپ قالغىنى قىزىق،
يازغۇم كېلەر ساڭا سالام خەت،
يازغۇم كېلەر ساڭا قەسىدە
ئەڭ سەممىي تىلەكلەر بىلەن
ئەڭ بىغۇبار يۈرەكلەر بىلەن
يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدىن.
كىمدۇر بىرسى ئېيتىدۇ ناخشا،
كىمدۇر بىرسى چالىدۇ ساتار
ئاڭلىنىپ تۇرار بىر قەيەرلەردىن
كىملەرنىڭدۇر شاۋقۇن - سۈرىنى
كىملەرنىڭدۇر قىرائەت ئۈنى
كىملەرنىڭدۇر ئۆزىنى ئۇرۇپ
تېلىپ - تېلىپ ئۇن سېلىشلىرى.
ئاڭلىنىدۇ بىر قەيەرلەردىن،
ئاساۋ ئاتلارنىڭ
سوزۇپ - سوزۇپ كىشنىشلىرى
خورازلارنىڭ چىللىشلىرى
قوي، ئۆچكىنىڭ مەرىشلىرى.
قىزىپ كەتكەن قايناق بازاردا
سامسىپەزنىڭ، كاۋاپچىلارنىڭ
دۇكىنىغا خېرىدار چىللاپ
قىزغىنىشىپ ۋارقىراشلىرى.
ئاڭلىنىدۇ يەنە كىملەرنىڭ،
ئەڭ ئەشەددىي سەت گەپلەر بىلەن
بىر - بىرىنى تىللىشىشلىرى.
قۇمتاغ
قۇمتاغ
كىچىككىنە جىسمىڭغا
سىغدۇرغانسەن
شۇنچىۋالا دۇنيانى قانداق؟
تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئىدىم مەن،
ئېلىپ كەتسەڭ مېنى قوينۇڭغا
تاقىلاپ بېرەر ئىدىم
تۇياقلىرى يېرىلىپ كەتكەن
تۇلۇمدەك سەمرىگەن ئاغرىماقلارنى.
قۇمتاغ
قۇمتاغ
ئەلمىساقتىن كەلدىڭ مۇشۇنداق
يامغۇردا ئېقىپ
بورانلاردا چېچىلىپ كەتمەي،
بۇ مۇقەددەس رىۋايەتلەرنى
ئانىلاردەك باغرىڭغا بېسىپ.
ھېچكىم بىزنى تونۇشتۇرمىدى،
ھېچكىم ماڭا

ئېيتسىپ بەرمىدى چۆچەكلىرىڭنى،
چۆچىكىڭنى ئاڭلىمىسامىمۇ،
ئادرېسىڭنى بىلەلمىسەممۇ،
سالام يازغۇم كېلەر سەن ئۈچۈن
ئۇيقۇدىن ئەندىكىپ ئويغانغاندىمۇ
يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدىن.
قەيەرگە كەتكەندۇ خەۋەرچى كەپتەر،
قانداق ياخشى ئىش بولار ئىدى
ئاپىرىپ بېرىپ يازغان خېتىمنى
ئوقۇپ بەرگىنىدە كەپتەر تىلىدا.
قانداق ياخشى ئىش بولار ئىدى،

سېنىڭ بارلىق كەچمىشلىرىڭنى
سۆزلەپ بەرگەن بولسالىڭ كەپتەرگە.
ھېچكىم بىزنى تونۇشتۇرمىدى،
ھېچكىم ماڭا
ئېيتىپ بەرمىدى چۆچەكلىرىڭنى.
ھېچكىم ساڭا
سۆزلەپ بەرمىدى قىسمەتلىرىمنى،
ئىھ، سۆيۈملۈك ناتونۇش ئاداش. . .

1997 - يىل 20 - ئاۋغۇست، قاراماي.

## تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# قۇمۇل

(سىكىل)

### قوش پۇراق

ئەسسالام - دەپ قۇتلۇق زېمىنغا،
كۆكسۈمدە قول چۇشتۇم پويىزدىن.
مەرھابا! - دەپ كەلدى بىر سادا،
كەلگ ئېچىلغان ژوگزال ئېغىزدىن.

كەتتى پويىز يىراقلاپ بىراق -
ئەتراپىمدا پەۋەس پۇرىقى.
(ھېچ بىلمىدىم سىڭىپ كەتتىمۇ،
ئاشۇ پۇراق مۇشۇ تۇرقى؟ . . .)

خىيال بىلەن ژوگزالدىن چىقىپ،
ماڭدىم ھارغىن قەدەملەر بىلەن.
ئۇزاق ئۆتمەي دىماقلىرىمغا،
ئېقىپ كىردى بىر پۇراق لىۋەن.

بىر تەرىپى پويىز پۇرىسا،
بىر تەرىپى قوغۇن پۇرايدۇ.
بىر شەھەردىن شۇ ئىككى پۇراق،
يۈرىكىمدىن سوئال سورايدۇ.

### قۇرۇق ئېقىن

قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي ئېقىن،
ياتار ئانا يەرنى قۇچاقلاپ.
كۆلەر كۆكتە كۆل رەڭ بۇلۇتلار،
ئىچ - ئىچىدىن مەخپىي قاقاقلاپ.

مەيۈسلىنىپ تۇرار تېرەكلەر،
ئاتەش رەڭلىك تىنجىق ھاۋادا.
غېرىبسىنىپ قالارمىدى ئۇ،
ئېقىندا سۇ بولسا ناۋادا؟

سۇ كۆرۈنمەس ئېقىن ئىزىدا،
بىراق مەۋجۇت قەيسەر يېشىللىق.
(قۇرۇتالماي ئۇنى شۇم شامال
ھېس قىلغاندۇ بەلكىم خىجىللىق.)

يىقىلسىمۇ قەدىم سۆگەتلەر،
تىرەپ ئاپتو قوشنا تېرەكلەر.
كىم دېيەلەر ئېقىننى قورۇق،
تومۇرىدا - زېمىن ئاستىدا
ئېقىپ تۇرسا ئۇتلىق تىلەكلەر!؟

## قۇمۇل مەشرىپى

باشلانغاندا لەرزان شوخ مۇقام،
قولاق سالار كائىنات جىمجىت.
كۆلەر چىلان رەڭلىك چىرايلار،
غەم لەشكىرى قىلىنىپ بىتچىت.

كۆز شەكىللىك قەدىمىي داپلار،
ئالقانلاردا سۆزلىسە قىسسە؛
ساتارسىمان غىجەك كۈيىدىن،
تىرىلىدۇ گويا نەفىسە.

چۈشكەن چاغدا ئۇسسۇلغا لەرزان،
قولىدا گۈل، گۈلدەك قىز - جۇۋان؛
«ئىنسانمۇ ئۇ ياكى ھۆر - پەرى؟»،
دەپ ھەر كىشى قىلىدۇ گۇمان.

گەر ئۇسسۇلدا بولسالا جۈپ ئاتا،
تەزىم بىلەن گۈللەر سۇنىدۇ.
(كىمگە نېسىپ بولسا ئاشۇ گۈل
ئاتا بەخت قۇشى قونىدۇ!)

مۇڭلۇق مۇقام ئۇزۇلمەس كۈيلەر،
تۈننى تاڭغا ئۇلار - يورۇتار.
دېمەك: بۈيۈك، مۇقەددەس مەشرەپ،
ئىككى بولۇپ تۈننى خورىتار.

## قۇمۇل قىزلىرى

قېشى قارا، چاچلىرى سۇمبۇل،
بويى زىلۋا، ھۆسنى گويا گۈل؛
لېۋى غۇنچە، سۆزى ھەسەل - بال،
مىسلى بۇلبۇل قۇمۇل قىزلىرى.

نۇر بۇلۇقى كۆزلىرى قۇياش،
جىسمى شۇڭا نۇرغا ئىملداش.
نۇرغا ئوخشاش جىلۋىگەر ھەم شاش،
مىسلى مەرغۇل قۇمۇل قىزلىرى.

مېھرى ئاتەش، سۆيگۈسى لاۋا،
ۋەسلى تەشنا دىللارغا داۋا؛
تىنىقلىرى گويا خۇش سابا،
ئوينار ئۇسسۇل قۇمۇل قىزلىرى.

ئەل - يۇرتىغا مېھرى ۋاپالىق،
ئەدەپ ئەخلاق، شەرمى - ھايالىق؛
قايىل شۇڭا پۈتكۈل خالايىق،
ئەمدى تونۇل قۇمۇل قىزلىرى.

## ئاقتاش

سەيلە قىلىپ بارسام ئاقتاشنى،
(تەڭدىشى يوق تەنھا تاق تاشنى؛)
باشلىۋەتتى دىلىم - يۈرىكىم،
بىر كۆرۈپلا ئۇنى ماختاشنى.

ئەي سۆيۈملۈك خاسىيەتلىك تاش،
سەن ئەرشتىن چۈشكەن ئاققۇمۇ؟
جىمىرلىغان پاك - سۈزۈك نۇرلۇق،
سەن زېمىنگە چاچقان چاچقۇمۇ؟...

بۇيرىغانمۇ ساڭا ماللائىك،
ئاشۇ گۈزەل جايدا توختاشنى؟
يولاتمىغىن يېنىڭغا ھەرگىز،
تۈلكە، قاۋان... دېگەن قاقۋاشنى.

1997 - يىل ئاۋغۇست، قۇمۇل - مەكتەپ.

## ئادىل تۇنىياز

# شېئىرلار

### كېچە - بىر غېرىب ئادەمنىڭ يۈزى

سوغۇق تارقالماقتا
چېقىلغان مەرۋايىتتەك.
كېچە ھەممىمىزگە ناتونۇش
ھەممىمىزگە،
ئادەملەر ئېمىدېگەن يىراق - ھە.

ھەي، تۈن يۈزلۈك ئۆلۈغۋار ئادەم
تۇغۇلۇش مېنىڭ ئىرادەم ئەمەس،
سېنىڭ ئۆلچىمىڭنى بىلىش ئاندىن تەس.
ھايات چۆلىدە قەدىم تەنھالىق
ئۈستىمىزدە كۆپ يوقىلاڭ يۈك
مېنى زېرىكتۈردى بۇ سەپەر.
ئەيىبلەپ كەتمە ئاجىزلىقىمنى
ئۇ ئىش مەندىمۇ يۈز بەرسە ئەگەر.
كېچە
ھەممىمىزگە ناتونۇش
ھەممىمىزگە.
بارچە ئىش ئاجىزلىقنى يوشۇرۇش
مەيلى ئۇ قانچە ئۇلۇغ ئىش بولسۇن
دىنغا، سۆيگۈگە، مەيگە بېرىلىش،
شېئىر يېزىش ياكى قاتىللىق قىلىش
ۋەيا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان قىرغاقتا
يېشىل، ئۇلۇغ سۇغا زوقلانغان ھالدا
ئارامخۇدا ئۆلۈۋېلىش.

دېگىنىز قاراقچىسىغا قىلىمەن ھەۋەس
بۇ مېنىڭ قۇملۇقتىن قاچقىنىم ئەمەس.
بەلكىم تەكلىماكاندىنمۇ پايانسىز
تەنھالىقنى يۇتۇپ ياتقاندۇ
ئۇ يىراق، ئەركىن ئەللەردە دېگىنىز.
تولغان قۇملۇقنىڭ
ھاياجانغا سالغۇچى
نازاكەتلىك تەنھالىقىدا،
ئەر مىللەتنىڭ روھىدەك
كۆچلۈك، قوپال، ئېچىرقىغان
تاقىر تاغلارنىڭ ھەمراھلىقىدا،
بېرىلگەن بىزگە بۇ ماكان.
كۆنىېرى ئېگىزلىگەن كاتتا بىنالار
ئېمىدېگەن ھەشەمەتلىك يوشۇرماقچى - ھە،
ئاجىزلىقنى،
يىراق بىر خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى
ئاجىزلىق ئىچىدە تۇرغان بۇ بىزنى.
ئاھ، غېرىبانە قۇم دېگىنىزى
قۇملىرىڭ ئۈستىمىزگە كەلمەكتە دەۋرەپ،
روھىمىزغا توپلىنىۋاتقان
سۈكۈت، شاۋقۇن، ۋەھىمىلەردەك.
ئاھ، غېرىبانە قۇم دېگىنىزى...
ئاجىزلىق
بەلكىم، ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك ئاجىزلىق
يارىلىشىمىزغا بولغاندۇ سەۋەب.

تەنھالىق موھتاج قىلدى
مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما
كېچە ھەممىمىزگە ناتونۇش
تەكلىماكان بويىدا.

### ئەرلەر كوچىسىدىكى بىر مۇراسىم

ئۆيلەرنىڭ رەت تەرتىپى
كىرلىك
يۇمىلاق ئاپتاپ
جىمىقىقان ئايالنىڭ سۆزلىرىدەك
ئۈزۈك - ئۈزۈك سىمتاناپ
ئۆرۈۋېتىلگەن ئەخلەت ساندۇقى.

تىمتاسلىق

نەپەس ئالار،
ئاۋاز چىقارماي.
قىزلار ماڭالمايدۇ
ئەنسىز كوچا بۇ.

كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن
كېلىۋاتقان ئەرنىڭ سايىسى
ئۇركۈتىۋەتتى بىر توپ قۇشقاچنى.

يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا
ئەتەي نۇر چاچار
ئەمچىكى بار ئايال.

كوچىنىڭ بۇ بېشىدىن
چىقىپ كەلدى پۇشۇلداپ
يەنە بىر ئەركەك.

ـ قارايسەنغۇ؟ مۈشت يېگۈڭ كەلدىمۇ؟
ـ يولۇڭغا ماڭ بەدرەك، قولۇم قىچىشىپ تۇرغاندا. . .
ـ نوچى بولساڭ، كەلمەمسەن چوشقا!
ـ خوتۇنىڭنى. . . ھېلى باكا
ـ بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن، تىلىڭنى تارت!
ـ ئۆلگۈڭ بولسا كېلە ھارسى!
ـ بولدى قىلساڭلارچۇ ئىككىڭلار ئۇيغۇر. . .
ـ سەن پالانى، كاسىلدىماي نېرى تۇر!

جالاق ـ جۇلۇق
گاچ ـ گۇچ
يالت ـ يۇلت

گۈلخان ئەتراپىدا
قىزغۇچ ئايلانماقتا
ئەر قەبلە.

نەزىر سۈپىسىدا
دولقۇنلايدۇ نۇر.

پىچاق
تۆمۈر ئەتىرگۈلدۇر

قىزىل سۆيۈقلۇق
سىرغىغان يەردە.

ئەركەكلەردە
مۇھەببەت بولىدۇ
ئۆلۈمگە.

## ئىبادەت

مەست قىلماقتا كۈچ مېنى.

ئەي ۋۇجۇدۇم سەن نەدە؟
ئىچ ـ ئىچىمدىن بۇلاقتەك
يېنىك، گۈزەل بىر پەدە
سىرغىپ چىقار جىممىدە.
تاملار ئارا يوق بولدۇم
چوڭقۇر، سىرلىق، لىققىدە.

گىژىلدايدۇ نەي لامپا
تېنىم تەڭكەش قىلماقتا،
ئالەم چەكسىز مەن تەنها.

ئۇستەللەرنى قۇچاقلاپ
يىغلىغۇم بار بۇقۇلداپ.
ئۆلۈپ قالغۇم كېلىدۇ
ھاياجىنىم بولدۇقلاپ
تېشىپ تۇرغان ھالەتتە.
كاللام پارلاپ توختاۋسىز
ئۆزگەرمەكتە ئالەمگە،
مەن بىر غايىب ئادەمگە.
قولۇم سىلار كېچىنى،
يوپيورۇق نۇر كەزمەكتە
قورسىقىمنىڭ ئىچىنى.
تىنىقىمدا شاماللار
قاردىن ئاپئاق شامالار،
قىلماقتىمەن ئىبادەت.

بۇ مۇقەددەس يالغۇزلۇق،
بۇ يېپيېڭى ئېچىرقاش،

بۇ ئۇلۇغۋار، پاك شەھۋەت.

مەست قىلماقتا ئىبادەت،
سەنمۇ مەستمۇ ئەي ساقى،
تاشماقتىمەن قەدەھتەك.

## چۈش ۋە رېئاللىق

تۆكۈلدى ئالقىنىمغا تىزىق مارجاندەك
تەستە ئۆتۈۋاتقان كەچكى ۋاقىت.
دۇنيا قورۇقدىلىپ قالغان توساتتىن
بۇ تار ياتاقتا
مېنىڭ ئىسمىم ئادىل.
Thomas TRanstramer نىڭ ئىسمى ئادىل.
ئورتاق غېرىبلىقنىڭ ئىسمى ئادىل.
جىمجىتلىقنىڭ توم بىر ئۇچىغا
دەستىلەنگەن مەنىسى يوق كىتابلار،
ماڭا شۇنداق بىر تۇيغۇ ھەمراھ
ئۆلۈكلەر دۆلىتىنى سەيلى قىلىش،
كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش بىر ئىش.
ياتتىم دېرىزىگە ئۇدۇل كارىۋاتتا
كېچىنىڭ يېشىل قويرۇقى
قېتىپ قالدى تالادا ئاستا - ئاستا...

سۇ ئاستىدا ئۇخلايدىغان قەبىلە
بېلىقلاردەك پارقىرار ۋەھىمىدە.
قىرغاقتا يېقىنلاپ كېلەر
يېڭى ماكان ئىزلىگۈچىلەر
ھەيدىگەن سۇرلۇك كېمىلەر.
ئۆتمەكتە ئىندىئانلار ياراق ئاستىدىن
ئۆلۈكلەر ئارىسىغا مۆكتى بىر كاھىن.
جېنىمنىڭ بارچە قاچتىم
بىر باشقا پۇتلاشتىم،
بۇ مېنىڭ بېشىم ئەمەس، دەپ ئويلىدىم.
ئىشخانىدا يالغۇز ئىدىم،
يالىڭاچ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالارمۇ،
ئەگەر تېلېفون كەلسە
بۇ پەرىشانلىقتىن قۇتۇلىمەن.
مەن تېلېفونىڭغا موھتاج
بۈگۈن تۇنۇگۇنكىدىنمۇ بەك.
بىردىنلا تېلېفوننى ئېلىشتىن قورقتىم.
ئۇنىڭ سۇدىكى يوتىسى
ئاپتاپپەرەسكە ئوخشايتتى.
مەن دادامغا ئەگىشىپ
پېشىن ئوقۇۋاتىمەن.
«... دادام ئۆلۈك تۇرسا،
مەيلى نامىزىمنى بۇزماي.»
يىراق پويىز رېلىسلىرى مۇزدەك پارقىرىماقتا،
يەھۇدىلارمۇ بىزدەك قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن،
ئۇلار تېخىچە كەينىمدىن قوغلاپ يۈرەتتى
بېشىمدا كۆك رەڭلىك بۆركۈت پېيى يوق.
قېچىپ ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىۋالدىم
نېمە دېگەن سوغۇق!

سەھەرنىڭ مۇزدەك قوللىرى
سىلىماقتا يۈزۈمنى
ئادەمبېلىقتەك ئاچتىم كۆزۈمنى.

## ئۆرۈك پىششىقى

يەنە ئاپتاپ،
قان ۋە ئاپتاپ
جۇلالىغان ماينىڭ ئاخىرى.
مايلىشاڭغۇ يېشىل ياپراقلار
ئاخىرغىچە يۆگىمەك بولار
ھەممىگە ئايان مەخپىيىتىنى.
ئۆرۈكلۈكتە مەست بولغان شامال
يېشىنمەكتە سېرىق، ئاق پىشماق.
تۇرالمايمىز پۇراپ ھىدىنى
ئۆرۈكلەر يەپ كۆزنىڭ يېغىنى
چۈشكەندە ناز بىلەن
شاخلاردىن تۇرۇكلاپ.
سارغۇچ، مونەكباش
شېرىن، يۇمىلاق،
بەزىسى تارتىنچاق، بەزىسى تۇكلۇك:
«خوندەك»، «توختى قوتا»، «موللاۋى»،
«قىزىلاڭ»، «ئابدۇل گاس»، «قارا غازاڭ»،
«خوئەنى»، «ئاق ئۆرۈك»[1]
بازار كۈنى ھەممە يەر ئۆرۈك

---

[1] يوقىرىقىلار ئۆرۈكلەرنىڭ ئىسىملىرى

بازار كۈنى ھەممە يەر ئۆرۈك
قايسىبىرىنى دەپ بولىمىز.
دېھقانلار ئۆرۈك بىلەن ئۆلشىپ يازغا
شاپاق نەرقىدە سالار باز - بازغا
توپىسىنى بىر پۇژلەپ يەپ بولىمىز.

بازار قىزىق،
تۇرمۇش قاتتىق،
قاتتىق زېمىن.
ئۆرۈكلەر مەي باغلىدى بىردىن - بىردىن
بىز تېخى ھاياتنى باقمىدۇق تېتىپ،
ئۆرۈك ئەتراپىدا گىرژىلدار چىۋىن.
قانىتىنى زىلتاردەك پارقىرىتىپ،
پارقىرىتىپ مۇڭلىرىمىزنى.

ئۆرۈك يېلىمىدەك قورۇلماقتىمىز،
غېرىبلىقنىڭ ياز پەسلى ئۆزۈن،
بولۇپ قالدى پىشار ۋاقتىمىز.
ئۆيغىنىپتۇ غورىدەك قىزلار،
ئۆيغىنىپتۇ تولۇق يىگىتلەرمۇ،
قالمىدى ھېچ تاقىتىمىز.

ئۆرۈك پىششىقىدا
پىشماقتا كېچىمۇ ئاستا - ئاستا،
مېۋىسى ساڭگىلاپ شاخ - شېخىدا.

## ئىسرائىل كېرەم (نۇر)

# شېئىرلار

### تەمتىرەپ ياشايدۇ بۇندا بىر يۈرەك

شائىر يوق شەھەر بۇ، ھېسلار قەلەندەر،
ئارىيەت ئېلىنغان ھەتتا مۇھەببەت.
مائاشسىز قىزلار ئەر تاپالماي ھەريان،
يىگىتلەر قەلبىدە ئۆزگە بىر خىلۋەت.

كۆزلەردىن ئاققان نۇر ئاقار بىھۇدە،
سۇ كەبى چايقىلار يەر ۋە كۆك ئاسمان.
نادامەت، پۇشايمان كۆرەڭ شۇ قەدەر،
ئىنسانىي تىلەكلەر بىليارتتەك سەرسان.

ئۇنتۇلغان ئەبەدىي قەدىم كەچمىشلەر،
غېرىبلىق چىرماشقان ئېزگۈ روھ تامان.
تەمتىرەپ ياشايدۇ بۇندا بىر يۈرەك،
ياق! بۇندا يۈرەك يوق، ئېيتمايمەن يالغان.

### قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

(ماڭا مەنسۇپ بولمىغان لېكىن ئەڭ سۆيۈملۈك پەرىشتە - زۆھرە ئۈچۈن يېزىلغان شېئىر)

مەن سۆيگەن بۇ ھايات بولماقتا نابۇت،
ئەڭ تاتلىق چۈش بىلەن سىرداشقان كېچە.
بىر ھەسرەت قەلبىمگە كىرمەكتە ئېقىپ،
تاشلاندۇق ھېسلىرىم چېچەكلەپ يەنە!

ئىسمىدە لەيلەيدۇ كۆيدۈرگۈچ ئىستەك،
بۇ گارمۇشت دۇنيانى قالدۇرۇپ يېتىم.
تەمكىن ھەم ئۆياتچان كۆمۈش رەڭ گەۋدە،
جىمجىتلا خوشلاشتى يەنە بۇ قېتىم!

خىيالىم قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بوپ خۇددى -
باشلايدۇ روھىمنى بىر ئۆيگە مەخپىي.

يىراقتا گۈكىرەر شوخ شامال لېكىن ـ
ياتمەن كارىۋاتتا جان ئۈزگەن كەبى.

## ئۈرۈمچى، مۇھەببەت، ئايرىلىش

مەن بۇ دەم مۆكۈندۈم قەلبىمگە چەكسىز،
تون ئارا چاراسلاپ كۆيگەندە خىيال.
كېسەللىك يامرىغان قېرى دۇنيادا،
مۇھەببەت ئەقلىدىن ئازغان بىر ئايال.

خىرامان يەلپۈنەر «ياشلار باغچىسى»،
ھاۋارەڭ ياغلىقتىن تۆكۈلۈپ كۈلكە،
سەككىز ياش پەرقىمىز ئۇنتۇلۇپ تامام،
بىر ھازا بولسىمۇ ئايلاندۇق «ھۆر»گە.

ئۆگدىگەك دۆڭ كۆۋرۈك ئويلايدۇ نېمە؟
بەك ئېغىر ئۇھسىراپ قوزغالدى پويىز.
يىراقتا قۇياشتىن زېرىككەن تاغلار،
ئۈرۈمچى، ئەسلىمە، بەخت، ئازاب، قىز.

## مەن ئاخشام يىغلىدىم

(ياپونىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «دۆڭگىجىگىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى»نى كۆرۈپ. . . )

مەن ئاخشام يىغلىدىم شۇنچە بەختلىك،
ئۇنتۇلغان ياشلىقىا قايتىپ بىمالال.
ئەتراپىم مۇز ئىچىرە تونجۇققان كېچە،
مەن بۇ دەم يېگانە مەۋجۇتسىز ئارال.

ئەتراپىم مۇز تۇتقان ئىزاھسىز كېچە،
قايتىدىن تۇرىلىش ئەجەب بىر ئىستەك.
قول يەتمەس مېھرىلىك كەچمىشلەر ئارا،
تېپىرلاپ قاڭقىدىم بىر مەجرۇھ قۇشتەك.

ئۇنتۇلغان ياشلىقىا قايتتىم بىماجال،
بەختنى قوچاقلاپ بەختسىزلىكتە.
ئۆزۈمدىن باشقىسى ماڭا بىر تېيىن،
قەدرىمنى چۈشەندىم قەدىرسىزلىكتە.



**ئىسرائىل كېرەم (نۇر)** 1962 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قۇ- مۇل شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. يۇقىرى ئاقيەر باشلانغۇچ ۋە ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ، 1982 ـ يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1984 ـ يىلى مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شۇ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىغا قەدەم باسقان.

ئاپتور «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تۇرپان»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «قۇمۇل گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ماقالە، ھېكايە ئېلان قىلغان.

هۆسەيىن تاش

# مەڭگۈلۈك بوشلۇق

(ھېكايە)



1

يامغۇر توختىمىدى. . . شەھەرنىڭ ھاۋاسى پاھىشە ئاياللاردەك يۈزسىز بولۇپ كەتتى. تەبىئەت ئادەملەرنىڭ روھىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى. مىجەز - خۇلق ۋە پسىخىكىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. . . ئادەملەر تىپىرلىماقتا. خۇددى قانىتى بوغۇلغان قۇشتەك يۇلقۇنماقتا، سىلكىنمەكتە. شەھەرنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋاسى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. چۈنكى ھاۋانىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىشى ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ. ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈندىمۇ بولدى، قىش پەسلىدە قار، ياز پەسلىدە يامغۇر يېغىپ بىرنەچچە كۈنگىچە توختىماي ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ. ھەممە نەرسىدىن بىزار قىلىدۇ. بۇ، ئادەملەرنىڭ قەپەزدىكى قۇشتەك تالا - تۈزگە، ئەركىنلىك ئالەمگە چىقالمايدىغان چاغلىرى. شۇنداق، تۇرمۇش، ئادەم، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت، تەن ۋە روھ بىر خىل رىتىمدىكى مېخانىك قانۇنىيەتكە باغلىنىپ قالغان. . . بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن تىركىشمەكتە. ئۇنى ئۆزى تەرەپكە - ئۇ ئازابلىنىدىغان، زېرىكىدىغان ھەتتا يىرگىنىدىغان تەرەپكە سۆرەيدۇ. . . بۇ ئىشتا ئايالى بىشەملىك قىلىپ سەل ئاشۇرۇۋەتتىمۇ قانداق؟. . . ئەمەلىيەتتە ئايالىنىڭ گۇمانى خاتا، ھېچبولمىسا ئورۇنسىز دەپ كەتكىلى بولمايتتى. لېكىن ھەممىنى بۇزغىنى ئاشۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان توختىماي يېغىۋاتقان لەنىتى يامغۇر، يامغۇر يېغىۋېرىپ، ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلمىغان بولسا، تۈكى يوق نەدىكى بىر ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئايالى بىلەن دەتالاش قىلىشىپ يۈرمىگەن بولاتتى.

تۇۋا، مەڭگۈ بىر ئۆيدە سولىنىۋېلىپ سوقۇشماي ئۆتىدىغان ئەر - خوتۇنلار قانداق ئادەملەركىن تاڭ!. . . راست، ئۇنىڭ ئۇنداق ئادەملەر بىلەن چاتىقى نېمە؟ ھەركىم ئۆزى خالىغان سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان جاھانغۇ بۇ، ياشاش دېگەن شۇ. ئۇنىڭغا يەنە قانداق ئۆلچەم قىلىپ كەتمەكچىدى؟! سەن ئۇنداق ياشايسەن، مەن بۇنداق ياشايمەن دېگەنلەرنىڭ ئۆزى ساراڭ. . . دوپپىسى چۈشۈپ كەتكەن تازنى، بىر يەرلىرى ئېچىلىپ قالغان ساراڭنى كۆرگەن ئۇششاق باللار تەبىئىي ھالدا كۈلۈپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش ياز كۈنلىرىمۇ بۇ شەھەردە لەپىلدەپ قار يېغىپ قالسا ھەممەيلەن ياقا تۇتىشىپ، ھەيرانلىقىمىزنى باسالماي كۈلىمىز. تەبىئەت - چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، يۈزسىز ھاۋا - پاھىشىنىڭ دەل ئۆزى. ئۇ پاھىشىنىڭ ئادەمنى ئامالسىز قالدۇرىدىغان يۈزسىز قىلىقلىرىغا كۆنۈپ قالغان.

ئۆگزىدە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى ئەينىكى سۇرتۇلمىگەن دېرىزىنىڭ ئۈستىدىن شاقىراپ چۈشۈۋاتىدۇ. خۇددى بىرسى تالادىلا بېشىغا چېلەك بىلەن سۇ قۇيۇپ يۇيۇنۇۋاتقان. . .

بۇ مانا تۇيغۇ، تۇۋا، دېرىزە سىرتىدا خىجىل بولماي قىيپالىڭاچ ھالەتتە يۇيۇنىۋاتقان ئادەم كىمكىنە؟. . . ئەرمىدۇ ياكى يالىڭاچ ھالەتتىكى پەرىزاتمىدۇ؟ دېرىزىگە نېپىز ھور دانىچىلىرى چاپلىشىۋالغاچقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەگادا غىرىبىسىنىپ تۇرغىنى يەنىلا ئەسكى كۇنلۇك بىلەن ئۇچى تېشىلىپ كەتكەن رېزىنكە ئۆتۈك. . . ئۆزىمۇ بار.

بۇ يىل كۈز ھەر ھالدا كېچىكىپ كەلدى. لېكىن يامغۇرنىڭ قاچان توختايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلار كوچلۇك يامغۇرنىڭ تەسىرىدە غولىدىن ئايرىلىپ پاتقاق ھەم مەينەت تۇپراققا چاپلىشىپ قالغانىدى. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلەتتى. دەرەخلەر يوپۇرماقسىز قالدى. دەرەخلەر - يالىڭاچ قالغان تۇل خوتۇن.

يامغۇر تاڭ ئاتارغا يېقىن توختىدى. زامان، ماكاننىڭ چېكى بولمىغىنى بىلەن باشقا نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ. مەسىلەن، سەۋرنىڭ چېكى بار. لوكچەكلەر بىلەن تىركىشىپ قالغان قىز ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى قوغداپ، ئۇچ كۇندىن بۇيان قارا رەڭلىك يوتقاننىڭ تېگىدە قالغان تېنىنى سۇرەپ چىقىپ جامالىنى كۆرسەتتى. قىز ئۆز تېنىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالالىغانلىقى ئۇچۇن چىرايىدىن شادلىق، پاكلىق، ۋاپادارلىق، مېھىر - مۇھەببەت جىلۋە قىلاتتى. قىز - مونچىغا كىرىپ چىققان قۇياش. ئۇ ئۆز پاكلىقىنى نېمىشقا ساقلىماقچىكىنە. . . پاكلىق راستىنلا مەڭگۈلۇك نەرسىمىدۇ؟ پاكلىققا ئىنتىلىشتىكى مەقسەت نېمە؟. . . بۇ سوئاللارغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. يامغۇر توختىدى. پاكلانغان تەبىئەتنىڭ جامالىنى كۆرۈش كېرەك. لېكىن دەرەخلەر كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ ئەخلاقىنى سېتىۋەتتى.

2

يامغۇردىن كېيىن ھاۋا بىراقلا ئىچىلىپ كەتتى. ئۇچ كۇن ياغقان يامغۇر ئۇنى ئايالى بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ كوچىغا چىقىپ قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي ئۇزاققىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەمنىڭ بىر يەرلەرگە مەقسەتسىزلا بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. شەھەرنىڭ چېتىدىكى غەيرىي پاسوندا سېلىنغان ئاشخانىنىڭ ئىككى قانات ئىشىكى ئېللىپس شەكىلدە ياسىلىپ ھەممە يېرى قاپقارا سىرلانغان بولۇپ، پەقەت ھەر ئىككى قانات ئىشىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بوشلۇق ئېللىپس شەكىلدە سىرلانغانىدى. ھەتتا ئىشىكنىڭ بېشىدىكى ئېللىپس شەكىللىك قارا رەڭلىك ئاۋاز ياڭراتقۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ ئېللىپس شەكىللىك قىزىل قەغەز چاپلانغانىدى. ئۇ ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانا ئىچىدىكى ئايرىم خانىلەرمۇ ئېللىپس شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئۆينىڭ تۆت تېمى، يول، تورۇس، ئۇستەل، ئورۇندۇقلارنىڭ ياسىلىشى، سىرلىنىشى ئىشىك بىلەن ئوخشاش ئىدى. تاماق ئۇستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان قارا رەڭلىك گۇل تەشتىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل رەڭلىك كىچىككىنە قوناق گۇلىنىڭ بىر تال بەرگى قايرىلىپ قالغان بولۇپ، قان تامچىلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. تورۇسقا ئېسىلغان قىزغۇچ گاز لامپا تورۇس بىلەن پولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا تەڭپۇڭ ھالەتتە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران قالدى. قىلىقلىرى ئۆزگىرىپ قالغان ئەرلەرنى ئەسلىتىدىغان ئاشخانا خوجايىنى (كىم بىلىدۇ، ئۇ ئۆزگىرىپ قالغان ئەرمۇ تېخى) ئۇنىڭ ئالدىدا غىتمەكلەپ مېڭىپ ئۇنى چەتتىكى خانىگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە ئۇزۇن كىرپىكلىرى چولپان كۆزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان، يۇڭلۇق، ئاق مايكىسىنىڭ ياقا ئويمىسىدىن كۆكسى كۆرۈنۈپ قالاي دېگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بىر قىز، بىر تەخسە لەغمەننى خوشياقمىغاندەك يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ، قىزنىڭ قارشى تەرىپىگىلا ئورۇنلاشتى.

- مېھمان، ئۆزلىرى نېمە يەيلىكىن؟ - سورىدى ئاشخانا خوجايىنى تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكە ھەم سىلىق ئىدى.

- ئالدى بىلەن نارىن چۆپىڭىز بولسا كەلتۈرۈڭ، ئاندىن بىر تەخسە كالا گۆشى، ئۇن

زىق كاۋاپ، بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى، بىر بوتۇلكا پىۋە. . . - دېدى ئۇ. قىزنىڭ ئاق مايكىسى تەكتىدىن ھازىرلا تېشىپ چىققىدىغاندەك پولتىيىپ تۇرغان كۆكسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ. خوجايىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇچىسىدىكى كاستيۇمنى سېلىپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە كىيگۈزۈپ قويدى. ئاندىن بويىنىغا مەھكەم باغلىۋالغان گالىستۇكنى بوشىتىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئىككى تال تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى. ئۇنىڭچە گالىستۇك باغلاش باشقىلارغا سالاپەتلىك، ئىلمىي، پاكىز، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك كۆرۈنىمەن دېگەن ساختا كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ زورۇقۇش، سۈنئىيلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى. قىز ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ - سېلىپ بىرخىل مەنىسىمىگەن قىياپەتتە ئولتۇراتتى. قارا، تەخسىدىكى لەغمەن شۇ پېتىچە تۇراتتى. تاماق يېمەيدىغان ئادەم ئاشخانىغا نېمىدەپ كىرىدىكىنە؟

. . . ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي گىدىيىپ ئولتۇرۇشچۇ تېخى. . . سەن پەرىشتە ئەمەسقۇ. . . ئاشخانا مۇلازىمەتچىسى بىر قاچا نارىن ئەكىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

- تاماققا كەلمەمسىز، - دېدى ئۇ، قىزغا قاراپ.

- خوش، - دېدى قىز يېقىملىق كۈلۈپ. بۇ ئېرىمەيدىغان مۇز ئەمەسكەنغۇ؟ ئۇلار تاماق يەۋەتقاندا كۆزلىرى بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئۇنىڭغا زادىلا بويسۇنغىلى ئۇنىماي قىز تەرەپكىلا كېتىپ قالاتتى. ئارىلىقتا ئۇ، قىزغا قارىغاچ چۆپنى ئالىمەن دەپ قوشۇقنى قاچىنىڭ سىرتىغا تىقىپ سالدى. قىز شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىغا تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك قىزغا چاقچاق قىلىپ:

- سىزمۇ كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟ - دېدى ئۇ تاماكا چېكىپ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ زورىغا ھىجايدى.

- تاماق دېگەننى شۇنداقمۇ يەمسىز؟

- مەنغۇ مەيلى، سىزمۇ لەغمەننى بىرسىگە قىسىنىۋاتقاندەك يېمەيسىزغۇ؟

- قىسىنغۇدەك بىرەرسى بولسا قىسىنارمەن.

ئۇ، قىزنىڭ ئاۋازى ئاستىدىن يەنە بىرخىل ئاۋازنى ئاڭلىدى. «مېنىڭ بىرەرمۇ يېقىن ئادىمىم يوق، سىز ماڭا دوست بولۇشنى خالامسىز؟». . .

ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ:

- لەغمەننى يېگۈڭىز كەلمىسە، سىزگىمۇ نارىن چۆپ ئەكىرىپ بەرسۇنمۇ؟ - دېدى ھېچنەرسىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە.

- ھېچنەرسە يېگۈم يوق. سىز بەك قىزىقكەنسىز.

- قىزىق بولسام تازا كۈلۈۋېلىڭ. پۇل ئالمايمەن.

- سىز ئالدىرامسىز، - دېدى قىز ئۇنىڭغا ئاللىقانداق گېپى باردەك.

- مېنى ئالدىرايدۇ دەپ كىم ئېيتتى سىزگە؟ بۈگۈن مەن ئۆزۈم يالغۇز قانغۇدەك ئىچىپ ئۆيگە ئەڭ كەچ قايتىمەن.

- نېمىشقا ئەمدى؟ بىرەر دەردىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

- ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۈچ كۈن توختىماي ياغقان يامغۇردا تالاغا چىقالماي ئۆيگە سولىنىپ ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەي دەپ قالدىم. ئائىلە مەن ئۈچۈن قەپەزدەك بىلىنىپ كەتتى. مېنىڭ توختام سۇدەك بىرخىل رىتىمدا تۇرمۇش كەچۈرگۈم يوق.

- پاھ، قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، شۇڭا ئۆلپەتسىز، يېگانە يۈرىدىكەنسىز - ھە؟

- كىم ئۆلپەتسىزكەن، سىزنى بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسام ياق دېمەيسىزغۇ دەيمەن.

- ئۆزىڭىزگە ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەڭ. ناۋادا ياق دەپ تۇرۇۋالسامچۇ؟

- مۇمكىن ئەمەس.

- نېمىشقا؟

- نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

- مەن سىزنى يا تونۇمسام، بىرگە ئولتۇرساق. . . - دېدى قىز سەل - پەل ئارىسالدا بولۇپ.

- ھېچقىسى يوق، كېلىڭ. مەن سىزنى تەكلىپ قىلدىم.

ئۇلار ئاخىرى كېلىشىپ قالدى. قىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۆيدە ئايالى بىلەن بىردەم بىرگە ئولتۇرسىلا ئىچى سىقىلىپ سوقۇشۇپ قالىدىغان بۇ ئەر ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ تۇيۇقسىز بەختكە ئېرىشىپ قالغاندەك سېزەتتى. قىزنىڭ قاپقارا تىنىق كۆزلىرى شۇنداق مېھرلىك ئىدى.

3

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان بولۇشتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تارىخنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى تارىخنى ئادەملەر قانداقلا چۈشەندۈرسە بولىۋېرەتتى. ئۇلار راسا ئىچىشتى. ئۇ، قىزغا نۇرغۇن - نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ئارىسىدا جىڭغا توختايدىغان سۆزى، قىزنى ئالدىمايدىغانلىقى، ناۋادا ئالدىسا ئۆزىنىمۇ ئالدىغان بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ھاياتقا شۇقەدەر سەمىمىي مۇئامىلە قىلسىمۇ لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مەڭگۈلۈك ئالداشتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىدەك قائىنىيەت ئىدى. ئۇ، قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى. قىز تولىمۇ ئوچۇق ھەم خۇش چاقچاق ئىدى. ئۇ ئوچۇق قىزلارنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئائىلىگە نىسبەتەن ئۇنىڭغا ئېغىر - بېسىق، تولا گەپ قىلمايدىغان، كوتۇلدىمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچىنى ئۇن - تىنسىز ۋە شەرەپ بىلەن ئادا قىلىدىغان قىز مۇناسىپ كېلەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىزلار بىلەن چىقىشالايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى قايسى يول بىلەن ئۆتكۈزسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭچە بىر قانداق ئۆتكۈزىمەن دەپ زورۇقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ باش قاتۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلار ئىدى. ئۇ، قىزغا ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى بىلەن يېنىدىن ئايرىمايدىغان چاقىرغۇنىڭ نومۇرىنى يېزىپ بەردى. قىز نومۇر يېزىلغان قەغەزنى باغىردېقىنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويدى. ئۇلار ئاشخانىدىن چىققاندا خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئارقىسىدىن ئۈزۈتۈپ چىققان ئاشخانا خوجايىنى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ:

- ياخشى دوستنى تاپقاندا بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ، - دېدى.

- رەھمەت سىزگە، ئەمدى ئاشخانىڭىزنىڭ نامىنى «تېپىشتۇرۇش قاۋاقخانىسى» دەپ ئۆزگەرتىۋالارسىز.

ئاشخانا خوجايىنى بۇ چاقچاقتىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قالدى. قىز ئۇنىڭ بىلىكىدىن قولىنى ئۆتكۈزىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭچە قىز خالىسا بىرلىكتە سىنئالغۇخانىغىمۇ، كىنوخانىغىمۇ ياكى كېچىلىك بەزمىخانىغىمۇ ئىشقىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئوبدانراق بىر يەرگە بېرىشنى ئويلاۋاتاتتى.

- تېلېفون نومۇرىنى چۈشۈرۈپ قويمىغانسىز؟

- سورىدى ئۇ گۈللۈكتىن پىيادىلەر يولىغا ئۆتىۋېتىپ.

- ياق، ئۇ بىخەتەر يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز كۆرۈپ باقامسىز ئەمىسە، قولىڭىزنى ئەكىلىڭ.

قىز ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ لېغىرلاپ تۇرغان يۇمشاق ھەم ئىسسىق كۆكسىگە ئاپاردى.

- بارمىكەن؟

- بار ئىكەن، راستلا تولىمۇ بىخەتەر تۇرۇپتۇ. بىخەتەر جاي نېمىدېگەن ياخشى - ھە!

ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ھاياجاندىن تېز - تېز سوقۇپ كەتتى. ئۇ، ئىختىيارسىز قىزنىڭ كۆكسىنى تۇتۇۋېلىپ بوش سىلاشقا باشلىدى. قىزنىڭ ھېچقانداق بىر قارشىلىق بىلدۈرمەي جىمجىت تۇرۇشى ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ، ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ قەستەن ھېچ ئىشنى ئۇقماسقا سېلىۋالىدىغان قىزلارغا ئۆچ ئىدى. غىلجىڭلاپ، يالغاندىن ناز قىلىدىغان، ئوغۇللارنى كولدۇرلىتىپ ئوينايدىغان قىزلار بىلەن

تېخىمۇ خوشى يوق ئىدى. بولسا ھەر ئىككى تەرەپ تەڭلا تەشەببۇسكارلىق قىلسا، ئۆزئارا ئورتاق ھېسسىيات ئالماشتۇرسا ياخشى بولاتتى. ئۇ قىزلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئىشمۇ دەل ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىپ قالدى.

- بىر ئىشنى خاتا قىپتىمەن.

- نېمىنى؟

- ئىسمىڭىزنى سوراشنى. . .

- شاھىدە.

- پاھ، نېمىدېگەن يېقىملىق ئىسىم - ھە، سورىمىسام دەپ بەرمەيدىكەنسىز، ئىسمىمنى باشقىلار ئوغرىلىۋالمىسۇن دېدىڭىزمۇيا.

قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ قىزنىڭ كۆكسىنى ئەسەبىيلىك بىلەن مۇجىدى. ئاندىن قىزنى باغرىغا باستى. خۇداغا شۈكرى، قىزمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئىككى قولىنى يىگىتنىڭ بوينىغا ئالدى. ئۇلار ئۇزاققىچە سۆيۈشتى. ئۇ، قىزنى شۇنچىلىك مەھكەم قۇچاقلىدىكى قىزنىڭ بەللىرىدىن قاس چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قىزنى تىرىك پېتىلا يېۋەتكۈسى، قىزنىڭ تېنىنى ئۆز تېنىگە قوشۇۋەتكۈسى كېلەتتى. . . خېلىدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قىز مۇلايىم ھەم بىرخىل مىسكىن قىياپەتتە:

- مەن قايتايمىكىن، - دېدى.

- نېمىشقا؟ بۈگۈن بىز ھەممىنى ئۇنتايلى.

- ئۆيدىكىلەرنى ئەنسىرەپ قالامدىكىن دەيمەن.

- مەن نېمە دەۋاتىمەن. بۈگۈن ھەممىنى ئۇنتايلى.

ئۇ، قىزنى خېلى زورلاپ بېقىپمۇ بۈگۈن كېچە بىرگە بولۇشقا زادىلا كۆندۈرەلمىدى. بىراق، قىز كېتىمەن دېگىنى بىلەن ئۇنىڭغا تارتىشىۋاتقاندەك ماڭماي تۇراتتى. ئۇ قىزنى قايتىدىن سۆيۈشكە باشلىدى. مەڭگۈگە شۇنداق سۆيۈشۈپ تۇرسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟ لېكىن بۇ مۇمكىن بولمايدىغان خىيال! ماكان، زاماندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى چەكلىك، ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە تېلېفوندا كۆرۈشۈپ شۇ چاغدا مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇشتى. قىز مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپ ئېغىز ئېچىپ قالدى.

- ئەتە بىر دوستۇمنىڭ تويى بولاتتى، ئازراق. . .

- پۇل دېمەكچىمۇ سىز؟

ئۇنىڭ بىردىنلا جۇدىنى تۇتۇپ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئېھتىمال يۈزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەندۇ. توۋا بۇ قىزنىڭ تونۇشا - تونۇشمايلا پۇل سورىغىنى نېمىسى؟ . . . ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ نىيىتىنى بۇنداق ئاشكارا ھالەتتە ئىپادىلىمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ، شاھىدەنىڭ مۇشۇ سۆزىنى دەپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن ۋە قورققانىدى: قورققان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئۇ ئۆزى ئويلىغاندەك شاھىدە ئاق كۆڭۈل، ئۇچۇق ھەم تۈز بولماستىن، بەلكى، بىر پاھىشە قىز بولۇپ چىقتى. قىز ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەمدىلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئوبرازىنى ئۆزى چەيلىۋەتتى، نابۇت قىلدى، يوقاتتى. شاھىدە دوستلۇقنى پۇل بىلەن ئۆلچىمەكچىمىكىنە؟ . . . ئەگەر پۇل بەرمىسە چۈپەي يىگىتكەن دەپ ئىككىنچىلەپ قارىمايدىغىنى ئېنىق. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ خورلۇق ھېس قىلاتتى. ھەرقانچە بولسىمۇ ئازراق ئارىلاشقاندىن كېيىن دېسىمۇ كېچىكمەيتتى. لېكىن بۇ ھەقىقىي كۆڭۈلنىڭ ئىشى ئەمەس. بەلكى بىر پاھىشىنىڭ ئۇنى قاراپ تۇرۇپلا ئالدىغانلىقى، ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلاتقانلىقى ئەمەسمۇ! باياتىن بېرى ئاشخانىدا دېيىشكەن سۆزلىرى قەيەرگە كەتتى؟ ئۇ، قىزنىڭ پاھىشە بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. پاھىشە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئىچىدە ئۆتۈنگەن، ئارزۇ قىلغانىدى. قىز ئۆزىنىڭ پاھىشە ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق ئاشكارىلىغان بولسا ئۇ بۇرۇنلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالاتتى. ئەمدى ئۇ ئويۇنچۇققا، كىنچىك باللار ئوينايدىغان لاتا قوچاققا ئايلىنىپ قالدى. پاھىشىلەر بىلەن بىرگە بولغان بىر نەچچە مىنۇت ئادەمگە قانچىلىك ھۇزۇر - ھالاۋەت، لەززەت، خۇشاللىق بېغىشلىيالىسۇن، بۇ خۇددى ئېغىز ئالاي دەپ قالغان يارىنىڭ ئېغىزىنى سىقىپ، يىرىڭنى چىقىرىۋەتكەنچىلىك ئىشقۇ. . .

قىز ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلماي تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپلا پۇلنى چىقىرىپ، قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، تەستىكىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ، گەپ قىلمايلا كېتىش قىلىشنى ئويلىدى. ھەر ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى ياخشى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىمەنە ئىشلارنى قىلالمايتتى. ھەتتا ئۇ «پۇل دېسەڭ بار، مەن سېنى كۆڭۈل ئۈچۈن، يېقىن ھەم پاك مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئارىلىشىدۇ دەپتىكەنمەن. بىراق، سەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا مەندىن پۇل تەلەپ قىلىپ نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتتىڭ. قەلب تۆرىمدىكى ئوبرازىڭنى خىرەلەشتۈرۈۋالدىڭ. كۆزۈمدىن دەرھال يوقال! يىرىڭ دېگەن بىر قېتىم سىقىۋەتكەن بىلەن تۈگىمەيدۇ» دېمەكچى بولدى.

ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا لېكسىيە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بىمەنىلىكتە!

— خوش، مەن تېخى سىزنى... بولدىلا...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا قىزنى تاشلاپ ماڭدى. شاھىدە ئۇنى ھېچبىر بەدەلسىزلا تۇزاققا دەسسەتتىم دەپ ئەخمەق كۆرۈپ قاپتىكەن - دە، ئېھتىمال مەست بولۇپ قالدى دەپمۇ ئويلىغاندۇ. مەيلى، نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئىشى، مۇناسىۋەت تۈگىدىغۇ. بۇندىن كېيىن ئىزدىمىسىلا بولدى. راست، شاھىدە ئۇنى يالغاندىن سېغىنغان بولسىچۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق سىناقنىڭ كېرىكى يوق. سېغىندىم دەپ ئۆزىنى ئالداش تېخىمۇ بىمەنىلىك، ئېھتىمال ئۇ قىزنىڭ شاھىدە دېگەن ئىسمىمۇ يالغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇ قىز ئىسمىنى شاھىدە دەپ بەرگەندىكىن شاھىدە بولىدۇ ئەلۋەتتە. شاھىدە ئارقىسىدا بارمىدۇ، ئەگىشىۋالغانمىدۇ؟ ئۇ ئارقىسىغا قاراشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن يېتىنالمىدى. كەلسە كېلىۋەرسۇن، ئەمدى چاتىقىم يوق. ئادەملەر بىر - بىرىدىن مەنپەئەتلىنىمەن دەپلا ياشىمىدىغاندۇ. راست، ئۆزىمۇ شۇغۇ... ئۇ شاھىدەنى چاقىرىپ، پۇلنى بېرىۋېتىشنى، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىدى. ئېھتىمال ئۇ بىچارىمۇ ئامالسىزدۇر. پۇلى بولسا ئۇنىڭغا پۇل دېمەستى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئالدىمىغان بولسا بولاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. راست، ئۇنىڭ باشقىلاردىن رەنجىيدىغان نېمە ھەققى بار. قىزنى ئۆزى تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىن ئۆزى ۋاز كەچتى. بۇ تازىمۇ بىمەنىلىك ھەم شەرمەندىلىك بولدى - دە؛ بەلكىم شەرمەندىلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولماس. بۇنداق مەغلۇبىيەت قايسىبىر يىگىتنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ. ئۇ شاھىدە بىلەن مەڭگۈ ئارىلىشىمىز دەپ ھۆددە قىلالمىسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ زېرىككىچە ئارىلىشىمىز دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ۋاز كەچتى، ۋاز كەچكەندىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا... ئەرلىك، يىگىتلىك، ئوغۇلبالىچىلىق دېگەن مۇشۇمۇ؟ بۇ ناتايىن، ئۇ ئەمدى ئۆيىگە قايتىشى كېرەك. بولدىلا، بۈگۈن كەچ ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى يوق. ئەمىسە قەيەرگە بارىدۇ؟... ئۇ پىيادىلەر يولىنىڭ بېشىغا چىققاندا ئارقىسىغا قارىدى. شاھىدە ئاستا قەدەم بىلەن يولنىڭ يەنە بىر بېشىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قەيەرگە بارىدىكىنە؟ راستتىنلا ئۆيىگە قايتامدىغاندۇ، ئىسىت، بىچارە... ئۇ قاراپ تۇرۇپ بىر قىزنىڭ - جەننەتنىڭ پەرىشتىسىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدى. قىزلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇش گۇناھ. بىراق، ئەرلىكنىڭ ئۆلچىمى يوق. ئۇ ئايالى بىلەن سوقۇشۇپ قالدى. ئەجەبا ئايالى جەننەتنىڭ پەرىشتىسى ئەمەسمىكىنە؟...

4

جىمجىت كوچا، ھاياتلىقنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە يېنىپ تۇرغان چىراغ. تاماخور تاكسى شوپۇرلىرى ئۇنى ماشىنىغا چىقىپ قالامدىكىن دەپ ماشىنىنى قەستەن ئاستا ھەيدەيدۇ. ئۇ بىرنەچچە ماشىنىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، جىمجىتلىق ئىچىدىكى كونا مەنزىرە - شەھەر. ئاشۇ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن بىنا ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى يوق. ئايالى ئېھتىمال ئۇنىڭ تېخىچە كەلمەيۋاتقىنىنى ئۈچۈن قاپاقلىرىدىن قار - مۇز ياغدۇرغىنىچە ئۆيدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ھەريان پىتىراپ يۈرگەندۇ. ئايالىنىڭ سۆرۈن تەلەتىنى كۆرۈش تېخىمۇ

قورقۇنۇچلۇق ئىش. شۇ تاپتا ئۇ ئۆيگە قايتسىمۇ ئايالى بەربىر سوقۇشىدۇ، ئەتە قايتسىمۇ شۇنداق. پەقەت ماجىرانىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق پەرق يوق. بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالسا، «ئاشنىڭىز بىلەن كۆرۈشەلمەي قالغان ئوخشىمامسىز» دەۋاتقان، خۇشال بولۇپ كەتسە «ئاشنىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەن ئوخشىمامسىز» دەۋەتقان. بەزىدە ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدىن تالا - تۈزگە چىقماي سولىنىپ ئولتۇرسىمۇ ئوخشاش كوتۇلدىغىنىنى كوتۇلدىغان. «ئاشنىڭىز بىلەن ئايرىلىپ كەتتىڭىزمۇ» دەۋەتقان. توۋا، ئائىلە دېگەن ئادەمنى چىمداپ ئۆلتۈرگەندەك شۇنداق بىھۇدە قىينايدىغان بىمەنە بولامدىكىنە؟..

. ئەلۋەتتە، ئايالىمۇ ئەقىل ئىگىسى بولغاندىكىن ئۇنىڭ روھىنى بۇنچىۋالا سىقىپ، قىرلىرىنى ئاز - ئازدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىمەن دېمەي باشقىلارغا ئازراق بوشلۇق قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدىغۇ... ئۆزى دېمەتلىك يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسە ئېرىمنى يولدىن چىقىرىپ قويامدىكىن دەپ بىر ئامالىنى قىلىپ، ئارىغا زىددىيەت تېرىپ يۈرۈپ ئارىلاشمايدىغان قىلىۋاتقان. ئېرىگە تايىنىۋالمىسا ياشىيالمايدىغاندەك قىلىشىپ كېتىدۇ ئۇلار. لېكىن سوقۇشۇپ قالغاندا جاھاننى ئۆزلىرى سورايدىغاندەك گېپى چوڭ تېخى... بولدىلا بۈگۈن نېمە بولسا مەيلى. ھېلىمۇ چىداپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىمغۇ... ئۇ ئاخىرى كېچىلىك بەزمىخانىدىن بىرەرسىگە بېرىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تاكسى توستى. ئۇ ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن شوپۇر ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن:

- قەيەرگە؟ - دەپ سورىدى.

- قايسى بەزمىخانا بەكرەك قىزىسا، شۇ يەرگە ھەيدەڭ.

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېچىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى توساتتىن شوپۇر تەرەپكە ئاغدى - دە، قورقىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى. چۈنكى ماشىنىدا شوپۇر يوق بولۇپ، ماشىنا ئۆزلۈكىدىن كېتىۋاتاتتى. ئۇ قانداق قىلىپ شوپۇرسىز ماشىنىغا چىقىپ قالدىكىنە. ئۇ قايتا شوپۇر تەرەپكە قاراشقا يېتىنالماي يەنىلا شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ھەتتا ئۆزىدىكى قورقۇش ۋەھىمىسى ۋە خۇدۇكسىرەش ئالامەتلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ، قايسىبىر ئاھاڭدا غىڭشىماقچى بولۇۋىدى، زادىلا ئەپلەشتۈرەلمەي قالدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن كېلىپمۇ باقمىغان، ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر كوچىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بۇ كوچا شۇنداق يورۇق، پاكىزھەم ئازادە، جىمجىتلىقىغا قارىماي ئادەمسىز ئىدى. شوپۇرسىز ماشىنىنىڭ تېزلىكى بارغانسېرى ئاشماقتا... ماشىنا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەنسېرى ئاندا - ساندا ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن قىزلار كۆزىگە غىل - پال چېلىقىپ قالاتتى. بەزىدە قىپقىزىل كىيىنىۋالغان ئەرلەر قانداق تېز پەيدا بولسا شۇنداق تېز كۆزدىن غايىب بولاتتى. بىركەمدە ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئاپئاق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان، چاچلىرى يەرگىچە سۆرىلىپ تۇرغان قىزلار بىلەن مەيدىسىگە قىزىل رەڭلىك ئېلىپىس شەكىللىك لاتا تىكىلگەن قارا ئۇزۇن تون كىيگەن، چاچلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرتىۋەتكەن تاقىرۋاش ئەرلەرنىڭ ماشىنا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىسى سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغان، بەزىسى قىسقا دەستىلىك ئايپالتىلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇ قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

- ئۇستام، كەينىمىزدە...

ئۇ شوپۇرغا قارىدى، شوپۇر جايىدا ئولتۇراتتى.

- نېمە ۋارقىرايسىز؟ بەزمىخانا تېخى ئالدىمىزدا.

ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ ئارقىسىغا يەنە قارىدى. باشقىلار داۋاملىق كېلىۋاتاتتى. قىزلارنىڭ كۆڭلەكلىرى، چاچلىرى ئۇچاتتى. ئەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى پالتا، پىچاق پۇلاڭلايتتى. بىر ئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا جان - جەھلى بىلەن ئېسىلىپ، يەرگە تىرەجەپ

تۇرۇپ ماشىنىنى تارتىپ توختىۋالدى. ئاھ، ئەمدى تۇگەشتىم، ئۇ كۆزىنى يۇمىۋالدى.

- كەلدۇق.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئەگىشىۋالغانلار قەيەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئەسلىدە شوپۇر ماشىنىنى تورموزلاپ توختىتىپتىكەندە. خويمۇ قورقىتىۋەتتى، ماشىنا، دەرۋازىسى قاپقارا سىرلانغان بەزمىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ كاللىسىغا ئېسىلغان ئالا - يېشىل چىراغلار ئارىسىدىكى «ئالۋاستى بەزمىخانىسى» دېگەن خەتنى كۆرۈپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

- بۇ قانداق بەزمىخانا؟ - سورىدى، شوپۇرغا پۇلنى بېرىۋېتىپ.

- بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ ئېسىل بەزمىخانا. بىراق كۆپ كىشىلەر كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭ. باشقا ئىش يوق.

- بولدى، قايتۇرماڭ، - دېدى ئۇ شوپۇر قايتۇرماقچى بولغان بىرنەچچە سومنىڭ مېھرىدىن كېچىپ.

شوپۇر ماشىنىنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ ئون مېتىرچە ماڭمايلا يەنە يوقاپ كەتتى. ماشىنا شوپۇرسىز كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا بايا ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۇگۇرۇپ كەلگەنلەر پەيدا بولدى. ماشىنا يىراقلاشقانسېرى ئۇلارمۇ كۆپىيىپ يولغا پاتماي قېلىشتى.

5

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، ئىچكىرىسىدىن قارا رەختتە كاستيۇم بۇرۇلكا كىيگەن، ئاق كۆڭلىكىگە كېپىنەك شەكىللىك گالستۇك تاقىغان، بويى پاكار، تاقىرۋاش ئىككى يىگىت چىقىپ ئۇنى قىزىل پاياندازا سېلىنغان پەشتاق بىلەن يەر ئاستى بەزمىخانىغا باشلىدى. يەر ئاستىدىن جاھاز مۇزىكىلىرىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئەر ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ئوقۇغان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تولغىما ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. كىرېسلولار بوش، مۇلازىمەتچىلەر ئالدىراش ئىدى. ئۇ بۇلۇڭ تەرەپتىكى كىرسلوغا كېلىپ ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ شۇنداق ئويلاتتى. راست، دىققەت قىلمىغىنىمۇ ياخشى. تانسا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆلچەك قېزىلغان بولۇپ، كۆلچەك ئوتتۇرىسىدىكى قاپقارا پاكار تاغنىڭ ئۈستى تەرىپىگە رەڭگا رەڭ چىراغلار ئېسىۋېتىلگەنىدى. چىراغلار خۇددى يۇرەك سوقىقاندەك بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ تۇراتتى. سۇنئىي تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غۇۋا قىزىل نۇر چىقىپ تۇرغان تۆشۈككە تاغنىڭ چۆرىسىدىكى كىچىك فونتانلاردىن ئېتىلىپ چىققان سۇ كىرىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ بۇ مەنزىرە غەيرىي بىرخىل ئۇسلۇبتا ياسالغان بولۇپ، ئادەمنى ئويلاندۇراتتى. تاغنىڭ كۆلچەك سۇيىگە يېقىن يېرىدىكى ئېللىپس شەكىللىك كىچىك ئۆڭكۈرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىگە قىزغۇچ چىراغ ئورنىتىلغان بولۇپ بۇ ئۆڭكۈرلەر ئادەمنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلاتتى.

- ياخشىمۇسىز، ئەپەندىم.

ئۇ دىققىتىنى يېنىغا ئاغدۇردى. يېنىدا كۈتكۈچى قىز بىلەن ئاپئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان، قارا چاچلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن، قارا كۆزلىرىدىن كۈچلۈك نۇر يېغىپ تۇرغان بىر قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

- ياخشىمۇسىز، قېنى كېلىڭ، - دېدى ئۇ، قىزنىڭ ئۈستى - بېشىغا بىرقۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، يان تەرەپكىرەك سۈرۈلۈپ، قىز ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى. كۈتكۈچى ئىككى ئىستاكان قەھۋە، ئىككى ئىستاكان پىۋا ۋە باشقا قۇرۇق يەل - يېمىش كەلتۈردى.

- ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

- ئەلۋەتتە بولىدۇ، مېنى A خېنىم دەپ چاقىرىۋېرىڭ.

- سىز مۇشۇ بەزمىخانىدا ئىشلەمسىز؟

- ياق ياردەملەشكىلى كەلگەن. بەزمىخانا خوجايىنى بىزنىڭ قوشنىمىز بولىدۇ. مەن تېخى

ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇۋاتىمەن.

ئۇ، A خېنىمنىڭ جاۋابىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا A خېنىمنىڭ سۆزلىرىنى راست دەپ ئۆزىنى ئىشەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. A خېنىم هازىر ئوقۇشنىڭ تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى، دەرسلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولمايدىغانلىقى شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا بىرخىل سۇنئىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىرمۇنچە گەپ ساتتى. قىزنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا ئۇ بۇ شەھەرلىك ئەمەستەك قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ چاندۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى. مەيلى، بەربىر ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇلار تانسا ئوينىدى. قىزنىڭ هەرىكىتى شۇنداق يەڭگىل هەم نەپىس بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى پەرىشتە بىلەن ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەندەك سېزەتتى. قىز ئۇنىڭغا يېپىشىپ دېگۈدەك ئوينايتتى. ئۇ، A خېنىمنى پىرقىرىتىمەن دەپ پۇتىغا بىرنەچچىنى دەسسەپ سالدى. خىجىل بولۇپ ئەپۇ سورىغانمۇ بولدى. ئۇلار بىللە دېسكوغىمۇ چۈشتى، تولغىما ئۇسسۇلمۇ ئوينىدى. بىركەمدە مۇزىكانتلار ئۇنىڭغا ئاتاپ «بۇلبۇللار سايرىسا» ناملىق مۇزىكىنى ئورۇندىۋىدى ئۇ تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى -دە، ئۇدۇل بېرىپ ناخشىچىنىڭ قولىدىن مىكروفوننى ئېلىۋېلىپ ناخشىنىڭ داۋامىنى ئۆزى ئوقۇدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ «قارا كۆز» ناملىق ناخشىنى ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىۋىدى، هەممەيلەن ئالقىش ياڭراتتى.

قارا كۆزلۈك گۈزەل قارا كۆز،
كۆردۈم سېنى چۈشۈمدە مەن.
يايرىدىم مېهمان بولۇپ،
بۇ بىر كېچە قوينىڭدىمەن.

بۇ بىر كۇبلېت ناخشىنى قايتىلاپ - قايتىلاپ ئوقۇۋەتتى. ناخشا تېكىستىنىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، ئەتەي ئۆزگەرتىپ ئوقۇغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ شۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇغىنىنى هېچكىم بىلمەي قالدى. بەلكىم بەزىسى بىلىپمۇ قالغاندۇ. مەيلى، قىزىقچىلىق ئەمەسمۇ؟ A خېنىم ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل تەقدىم قىلدى. ئۇ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن A خېنىمنىڭ سىلىق هەم ئاپئاق قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئىككىسى قول تۇتۇشقىنىچە بىرلىكتە ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ، A خېنىمنىڭ كىچىككىنە قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ بارلىق تەشنالىقىنى، مۇھەببىتىنى، ئارزۇ - ئارمانىنى مۇشۇ قولدىن تاپماقچى بولغاندەك تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ، گۈلنى A خېنىمغا قايتۇرۇپ بەردى.

- ئاۋازىڭىز بەك جاراڭلىق ئىكەن.

- ياقتۇرۇپ قالدىڭىزمۇ؟

قىز ياقتۇرۇپ قالدىم دېگەن مەنىدە ئۇنىڭ قولىنى بوش سىقىپ، كۆزلىرىنى خومارلاشتۇرۇپ، ئېڭىكىنى ئۇچلاپ ئەركىلىدى. ئۇ، A خېنىمنىڭ بېلىدىن تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

- قايتقاندا ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟

- رەھمەت، خوجايىن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بىر يەردە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتسام بولىۋېرىدۇ. سىزنى بىكارغىلا ئاۋارە قىلامدىمەن.

- تانسا ئاياغلىشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغاندۇ.

- شۇنداق.

- سىز خوجايىنغا قارىشىپ بەرگەندىكىن ھەق بېرىدىغاندۇ.

- ياق، بىز مۇشۇ يەرگە كەلگەن مېهمانلارغا هەمراھ بولۇپ تانسا ئوينايمىز، مۇڭدىشىمىز، ئۇلارنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ قالسا پۇل بېرىپ قويىدۇ. بۇنداق پۇل بىلەن خوجايىننىڭ چاتىقى يوق.

- سىزنىڭ ماڭا هەمراھ بولغىنىڭىز ئۈچۈن قانچە سوم بېرىمەن.

- ئۆزىڭىزنىڭ خالىغىنىچە بولسۇن.

- بۈگۈن مەن بىلەن قايتقان بولسىڭىزغۇ...

- مەن دېگەن ئوقۇغۇچى تۇرسام.

قىز گەرچە ئۆزىنى «ئوقۇغۇچى» دەۋالغان بولسىمۇ سۆزلىرىدىن ئاغرىنغانلىق ۋە

رەنجىگەنلىكتەك ئالامەتلەر يوق ئىدى.

ـ سىز ئۆزىڭىزنى ئوقۇغۇچى دەپ مېنى ئالداۋاتىسىز. مەيلى، مەنمۇ سىز ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىمەنغۇ... بولدى، بولدى. ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىڭ...

ئۇ ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. كىشىلەرنى خالىمىغان نەرسىگە مەجبۇرلاش ئۆزىنى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ... لېكىن ئەرزىسە مەڭگۇ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلىغىلى بولامدۇ. ساقلاپ نېمە بوپتىكەن؟...

ئۇ ئۆز تېنىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەسەبىيلىكنى تۇگىتىپ، قاغجىراپ كەتكەن ھېسسىياتىنى تىنچلاندۇرمىسا بولمايتتى. ئۇ يەنىلا تىرىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

ـ مېنى ياراتمايۋاتىسىز ـ ھە.

ـ ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم تېخى.

ـ ئەمىسە مەندىن قورقۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ـ سىلەرنىڭغۇ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بەك قارام ھەم ياۋايى كېلىدۇ دېيىشىدىكەن. بىراق سىز بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىز.

ـ سىز مېنى ئالداۋاتىسىز.

ـ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ قارىشى، بىراق ئويلاپ باقمىسىز، تېخى تونۇشا ـ تونۇشمايلا ماڭا بۇنداق تەلەپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش كېرەكقۇ، ئەتە كېلەمسىز.

ـ بىلمەيمەن.

ـ مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشىمامسىز.

ـ مەن ئادەملەردىن رەنجىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن.

ـ راستىنى ئېيتقاندا، سىز باشقىلارغا ئوخشىمايدىكەنسىز. قاراشلىرىڭىزمۇ ئۆزگىچە ئىكەن.

ـ قاراڭ، يەنە يالغان سۆزلەشكە باشلىدىڭىز. مەيلى، نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مەن پەلسەپەنى ياخشى كۆرىمەن. قىزلار پەلسەپەنىڭ جەۋھىرى، خوش، مەن قايتىپ قالاي.

ئۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىغا تەن بەرگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن توردى. ئەمدى ئۇلتۇرۇۋېرىشنىڭ نېمە كېرىكى. خەقنى مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ ـ دە! ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

ـ خوش، مەن مەست بولۇپ قالغاندا يەنە كېلىشىم مۇمكىن. راست، بۇ مېنىڭ ئادرېسىم، زېرىكىپ قالغاندا ئىزدىسىڭىز شۇ ھامان قېشىڭىزغا ئۇنىمەن.

ـ مەن سىزنى چوقۇم ئىزدەيمەن.

ـ ئىزدىگىڭىز كەلسە ئىزدەڭ، بولمىسا بەك زورىقىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ـ دېدى ئۇ ئۆزىنى ھەم تەبىئىي، ھەم قەتئىي كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئۇ A خېنىم بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. نېمىشقىكىن A خېنىمنىڭ قوللىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. تېنى ئازراق تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ـ بولدى، كىرىپ كېتىڭ، سىرت بەك سوغۇق ئىكەن. زۇكامداپ قالماڭ يەنە.

ـ ھېچقىسى يوق.

ـ ئاغرىپ قالسىڭىز، سىزنى يوقلاپ بارىمەن دەپ نەچچە كىلو بانان بىلەن نەشپۈت ماڭا زىيان بولىدۇ شۇ.

A خېنىم ئۇنىڭ چاقچىقىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ خۇشاللىقتىن ياكى خاپىلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئېھتىمال A خېنىمنىڭمۇ ئايرىلغۇسى يوق بولۇشى مۇمكىن.

ـ كىرىپ كېتىڭ.

ـ ئالدىدا سىز كېتىڭ.

ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا راستىنلا كۆزى قىيمىغاندەك تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ بىر ھازا تورۇشتى، ئاخىرى ئۇ:

ـ خوش ئەمىسە، ـ دېدى ـ دە، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىدى. A خېنىمنىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ A خېنىمنى باغرىغا

بېسىپ، تەسەللىي بېرىشنى ئويلىدى - يۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىمەن دەپ قاراپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئېھتىمال ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ A خېنىمغا تەسەللىي بەرگەن بولسا، A خېنىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ ناتايىن ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. . . A خېنىم ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئىكەن. شاھىدە ئۇتالمىغان كۆڭۈلنى ئۇ ئۇتۇۋالدى. A خېنىمنىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سالدى. تېنىنى تىترىتىپ، ۋۇجۇدىدا يېڭىدىن مۇھەببەت ئوتى ياندۇردى. شاھىدەنىڭ ھەرقانچە پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش نىيىتى بولسىمۇ كېيىنرەك دېگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە A خېنىم ئۆزىنىڭ پاھىشە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىدى. توۋا، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەت قىلغان، ئىشەنگەن ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ناشايان ئىشلىرىنى ئاڭلىسا قانداقمۇ ئازابلانمىسۇن؟ . . . شۇڭلاشقا ئۇ تارىخقا قىزىقمايدۇ. A خېنىم تېپىلغۇسىز پەرىشتە. ئۇ «ئالۋاستى بەزمىخانىسى» دىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل پانىي ئالەمدە، ھەتتا، جەننەتتىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلىدىغان قىز. ئېھتىمال بۇ قاراش ئۇنىڭ ئۇچۇنلا شۇنداقتۇر. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئەسەبىيلىشىپ، قاغجىراپ كەتكەن مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ! «ئالۋاستى بەزمىخانىسى» غا يەنە كېلىشى ئۇنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدىكى ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. A خېنىم ئۇنى چۈشىنەمدىغاندۇ، ناتايىن. ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىسىچۇ؟ راست، ئۇنىڭ A خېنىمغا دېگۈدەك نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ ئائىلىسىدىكى كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكنىمۇ؟ خەقلەر پەقەت ھېسداشلىقلا قىلىپ قويىدۇ، ھەرگىزمۇ قۇربان بەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ سۇنئىي مۇھەببەتكە ئېرىشىش تولىمۇ بىچارىلىك، ئۆزىنى ئالدىغانلىق، لېكىن ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئالدىمىسا قانداقمۇ ياشىيالىسۇن؟! . . .

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىدى.

بىراق، A خېنىم تۇگۇل «ئالۋاستى بەزمىخانىسى» مۇ قەيەرگىدۇر غايىب بولغان بولۇپ، ئورنىنى ئەخلەت دۆۋىسى قاپلىغانىدى.

6

ئۇ يەنىلا شوپۇرسىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شوپۇرنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئولتۇرغىنىنى كېيىن بىلدى. ماشىنا قىپقىزىل سىرلانغان بولۇپ، كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىرايتتى. ئالدى تەرىپى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدەك ئۇچلۇق بولۇپ، ئۇچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىرلا چىرىغى بار ئىدى. ماشىنا تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ماشىنىنى تۆت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېللىپىس شەكىللىك گۈللۈك مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندۇرىۋەردى. بىراق، نىمىشقىكىن گۈللۈك ئىچىگە زادىلا كىرگۈزەلمىدى. خۇدا، بۇ يەرگە قاتناش ساقچىسى كېلىپ قالمىسۇن، بولمىسا ئۇ ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ گۈللۈككە كىرەلمەسلىكىدىكى سەۋەب، گۈللۈك ئەتراپىدىكى قاپقارا، ئىرماش - چىرماش سىم توساقلار بولۇپ، بۇ سىم توساقلار ئۇنىڭ يولىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، تەشنالىقىنى، ھېسسىياتىنى قامال قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ماشىنىنى كىرگۈزەلمىگەنسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. گۈللۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى قىپقىزىل قوناق گۈلى ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاپئاق بىنانىڭ ئالدىدىكى يېشىل چىملىق مەيداندا قىپقىزىل سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋالغان سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ بەللىرىنى تۈپتۈز قىلىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گىمناستىكا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ماشىنىنى چىملىققا ھەيدەپ باردى. قىز ھېچنەرسىنى سەزمىگەن بولسا كېرەك، يەنىلا ئۆز ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل ئىدى. قىز ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ بەدىنىنى ئىككى تەرەپكە بىردەم ھەرىكەتلەندۈرگەندىن كېيىن، بېلىنى ئارقىسىغا ئەگدى. ئۇنىڭ ئەمدى تاقىتى تۈگىگەنىدى. شۇڭا ئۆزىنى تۇتالماي ئىتتىك بېرىپ

قىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. قىزنىڭ كۆكسى چىڭ ھەم مىقتا ئىدى. بەدەنلىرىنىڭ يۇمشاق ھەم سىلىقلىقىچۇ؟ گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئوينايدىغان قىزمۇ تېخى!... ئۇ، قىزنى چىملىققىلا بېسىۋالدى. قىز ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىگە شەرتسىز تەسلىم بولۇپ، ماسلىشىپ بەرگەندەك قارشىلىق قىلماي جىمجىت ياتاتتى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ قىز بىلەن بوۋىسىنىڭ قەدىمي ئۆيىدىكى بوغداي قاچىلانغان كات ئۈستىدە ياتقىنىنى بىلدى. سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولۇۋىدى، ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسىنى كۆرۈپ ھولۇققىنىدىن ئىشتىنىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قىزمۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى توسۇپ، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ چېتىنى توسۇۋالدى. بوۋاي ئەسلىدە ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى. لېكىن، ئۇ چىقىپ كەتمەي بىر ھازاغىچە قىزغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن نەۋرىسىگە غەزەپ بىلەن ئالايدى. بوۋايغا نەۋرىسىنىڭ ناشايان ئىشلىرى ياقمىغاندەك قىلاتتى. مەيلى... توۋا، ئۇ باشقا بىر قىز بىلەن ياتقاندەك قىلىۋىدى، A خېنىم قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىكىنە... بوۋاي بىكارغا ئاچچىقلانماپتىكەندە.

– سەن ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋەرۈك ئۆينى بولغاپسەن!

– بوۋا، بىز تېخى...

ئۇ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدا مومىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىپ، سۆزىدىن توختاپ قالدى - دە، دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى. ئەسلىدە بوۋاي ئەر كىشى بولغاندىكىن بونداق ئىشلارغا كەڭ قورساقلىق قىلسا بولاتتى. ئېھتىمال موماي يېنىدا بولغاچقا يالغاندىن ۋارقىراپ قويغاندۇ، ئۆزىنى پاك ۋاپادار كۆرسەتكەندۇ.

تاڭ ئاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مەستخوشلۇق ئىچىدە مەڭگۈ ياشىغۇسى بار ئىدى. ھەممىسىنى بوۋىسى بۇزدى، بوۋاي ئۇنىڭ مەسخوشلۇق ئىچىدىكى شېرىن تۇيغۇسىغا خاتىمە بېرىپ، بىمەنىلىك ئىچىدىكى مەۋجۇدىيەتكە سۆرەپ ئەكىردى. ئۇ بوۋايغا قارىدى. بىراق، بوۋايمۇ، مومايمۇ ھەتتا يېنىدا بىللە ياتقان A خېنىممۇ (ئېھتىمال ئۇ ئەمەستۇ) يوق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز بوۋىسىنى راسا تىللىغۇسى كەلدى. ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. ئادەملەرنىڭ ئېڭىمۇ ئۆزگەردى، بوۋاي جۇلقى چىقىپ كەتكەن كونا قاراشىدىن ئىبارەت... ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئېسىگە تۇيۇقسىزلا بىر نەرسە كەلگەندەك بولۇپ ئورنىدىن سەكرەپ دېگۈدەك تۇرۇپ كەتتى. ئىتتىك ئىشتىنىنى قولغا ئېلىپ، ھەممە يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ ئاقتۇرۇۋېدى، قولىغا چاقىرغۇسى چىقتى. كاستيۇمىنىڭ يانچۇقىنى ئاقتۇردى. يەنىلا نەتىجىسىز. ئۇ ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالمىغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئايالى ئېلىۋالغان بولمىسۇن يەنە! بىراق، ئايالى ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە بىرخىل رىتىمدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتىدۇ. قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ ھېچنېمە سەزمىگەن بولۇپ قەستەن يېتىۋالغانمىدۇ، ئايالى يېقىندىن بېرى تېخىمۇ گۇمانخورلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن دائىم سوقۇشىدىغان بولۇۋالدى. كوچىدا چىرايلىق بىرەر قىز ئۇچراپ قالسا ئايالى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارايدۇ. «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ. ئايالى جەننەتنىڭ دۆت پەرىشتىسى. ياق، ياق، ئۇنىڭدىمۇ كۆڭۈل بار. لېكىن ئۇ ھەممىگە بىشەملىك قىلىپ ئۈستۈنلۈك تالىشىمەن دېيىشى توغرا ئەمەستە! ھېلىمۇ تېلېفون نومۇرىنى ئالا قويماي ئاقتۇرۇپ قىزلارنىڭ ئىسمىنى تېپىپ بىر - بىرلەپ تېلېفون ئۇرۇپ چىقىدۇ. بەزىدە، ئوغۇللارنىڭ ئىسمى ئۇچرىسىمۇ باش ھەرىپى ئوخشاش بولغان ئاللىقانداق بىر قىزنىڭ يالغان ئىسمىدەك ئېنىقلاپ باققۇسى كېلىدۇ. ئۆيگە كىرسە ئوششاق گەپ، تالاغا چىقىپ كىرسە يەنە ئوششاق گەپ. ئايالى ئادەملەرگە، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېرىغىمۇ ئازراق بوشلۇق ۋە ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ قويسا بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى ھەم قىلالمايدۇ.

يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان ئايالى ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىر ئائىلە تۇرمۇشىنى كەچۈرمەكچى بولغان ئايال. ئائىلە مۇھەببەتنى ۋەيران قىلىدىغان ئامىلدۇر. ئۇنىڭ بىر تۇرۇپ ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ئېھتىمال دۆتلۈكىگە ئىچى ئاغرىپ قالغاندۇ. لېكىن ئايالى بەزىدە ساق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغىلى ئۇنىمايدۇ. قەستەن ئېرىنى ئازابلايدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىشەملىكىگە غەزىپى تېشىپ، كانىيىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇنداق ۋەھشىيلىكنى، قانخورلۇقنى قىلالمايدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ قانۇندىن قورققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، رەھىمدىللىكى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئايالى چوقۇم ئېرىنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كەتتى. ئايالى سەۋرىنىڭ چېكى بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟ . . . ئايالى ئۇخلاۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنى ئويغىتىپ، مېنىڭ نەرسەمنى ئوغرىلىۋاپسەن دېسە ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغاندەك بولۇپ قالامدۇ. سوقۇشقىلى بولامدۇ؟ . . . ياق، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ. . . ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقىنى ئاق رەڭلىك، ئوتتۇرىسىغا قىزىل قوناق گۈلىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، ئالقانچىلىك كېلىدىغان قولياغلىق ئىدى. راست، ئۆزى مەستلىكىدە بىر يەرگە تاشلىۋەتكەندۇ ياكى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتامدىغاندۇ. بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، ئېللىپىس شەكىللىك ئاشخانا، شاھىدە، «ئالۋاستى بەزمىخانىسى» ، A خېنىم، توۋا بولارنىڭ ھەممىسى چۈشمىدۇ. ناتايىن، ئۇ ئۆزىگە شۇنداق ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنداقتا قولياغلىق قېنى؟ دۈشەنبە، ئادەمنى ھەممىدىن بىزار قىلىدىغان، ئادەمنى بىرخىل رىتىمدىكى زېرىكىشلىك خىزمەتكە سۆرەيدىغان كۈن. . . شاھىدە بىلەن A خېنىم ئېھتىمال ئىشخانىغا تېلېفون بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئەڭ ياخشىسى خىزمەت قىلغۇسى يوق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تېلېفونىنى كۈتۈش ئۈچۈن بېرىش كېرەك. شاھىدە تېلېفون ئۇرۇشى ناتايىن. A خېنىم ۋەدىسىگە چوقۇم ۋاپا قىلىدۇ.

7

ئۇ ئىشخانا ئالدىغا كېلىشىگە تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ ئالدىرىغانسېرى ئىشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئاچقۇچ ئاخىرى تېپىلدى. ئۇ ئىشخانىغا ئېتىلىپ كىرگەنچە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ياخشىمۇ سىز؟

قارشى تەرەپ جىمجىت ئىدى.

— ۋەي، A خېنىممۇ؟

قارشى تەرەپ زۇۋان سۈرمەيلا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتى. ئۇ كىم بولغىيدى؟ شاھىدە بولۇپ قالسا، A خېنىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپ قويۇۋەتكەنمىدۇ؟ ئارقىدىنلا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى، ئېلىپ قارىۋىدى، چاقىرغۇدا بىرەر ئېغىز سۆزنىڭ بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، تېلېفون نومۇرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كۆرۈنگىنى پەقەتلا يوقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان نۆل، چاقىرغۇنىڭ ئېكرانى نۆل بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ بىر تراگېدىيىنىڭ باشلىنىشى. . . چاقىرغۇ ئۆيدىمۇ، ئىشخانىدىمۇ، كوچىلاردىمۇ توختىماي سايرايتتى.

بۇنداق سايراش توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىكى روھىي دۇنياسى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ چەت يېقىدىكى ئېللىپىس شەكىللىك ئاشخانىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. كوچىلاردا ئادەملەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. شاھىدە تۇگۈل، ئايال چىراي، غىتمەك مىجەز ئاشخانا خوجايىنىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئۇ، ئۆز نىيىتىدە شاھىدەنى تېپىپ نەچچە پۇل دېسە پۇلىنى بېرىپ، ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقنى ئۆتۈنمەكچى ئىدى. بىراق، تېلېفون ئۇرغۇچى A خېنىم بولۇپ قالسىچۇ؟ راست، بۇنىڭغىمۇ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بىراق

ئۇنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. راست ئۇ ئويلاپ باقسا نەتىجىنىڭ ئاخىرىمۇ نەتىجىسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىدىكەن. نەتىجە، ئۆز - ئۆزىنى ئالداش دېمەكدۇر. ئۇ مەلۇم بىر كېچىسى يەنە سىرتقا چىقىپ تاكسى توستى.

- قەيەرگە؟

شوپۇر ئارقىسىغىمۇ قارىماي سورىدى. ئۇ كۆڭلىدە شوپۇرنىڭ ئارقىسىغا قارىمىغىنىدىن قارىغاندا چوقۇم «ئالۋاستى بەزمىخانىسى»نى بىلمە كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە:

- «ئالۋاستى بەزمىخانىسى»غا، - دېدى.

شوپۇر ئارقىسىغا قاراپ:

- نېمە، ئالجىپ قالدىڭىزمۇ؟ «ئالۋاستى بەزمىخانىسى»غا دېگەندىن كۆرە نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا دېسىڭىز بولمامدۇ، - دېدى.

ئۇ چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. كۆڭلىدە بۇ دەيۈز نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ، دەپ ئىچىدە شوپۇرنى نەچچە مىڭنى تىللىدى.

- ئەمىسە شەھەر بويىچە ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىزىيدىغان بەزمىخانىغا ئاپىرىپ قويۇڭ.

- بايامىلا مۇنداق دېمەمسىز.

شوپۇر ماشىنىنى قوزغىدى. ئۇ يالغاندىن شەھەرنى تاماشا قىلغان بولۇۋېلىپ، شوپۇرنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىدەك يوقاپ كېتىشىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. شوپۇر يوقالمىدى. ئۇ، ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئاق كىيىم كىيىۋالغان، چاچلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇرىدىغان قىزلار بىلەن قارا كىيىم كىيىۋالغان تاقىرباش ئوغۇللارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

- كەلدۇق.

ئۇ چىراغلىرى گاھ يېنىپ، گاھ ئۆچۈپ تۇرغان بەزمىخانا دەرۋازىسىنىڭ بېشىدىكى «ئەنئەنە بەزمىخانىسى» دېگەن خەتنى كۆردى. كىرا ھەققىنى تۆلەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. بەزمىخانىنىڭ تام، تورۇسلىرى ۋە پولدىن تارتىپ ھەممىسى ئاق رەڭلىك بولۇپ، كۈتكۈچىلەردىن تارتىپ بەزمىخانىغا ئوينىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەبىيلىك بىلەن دېسكوغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئەنئەنە دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە، ئۇ، ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان بىر قېرى بوۋاي بىلەن ياش بىر قىزنىڭ دېسكو ئويىنىماي، بولۇڭدىكى كرېسلودا قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇپ سۆيۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ قېرى باشقا بىرسى ئەمەس دەل ئۇنىڭ بوۋىسى، بوۋاينىڭ قۇچىقىدىكى قىز بولسا A خېنىم، بوۋاي بىلەن A خېنىم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. قىز بوۋاينىڭ ساقاللىرىدىن تۇتۇپ سۆيسە، ئورۇقلۇقىدىن تاغاق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بوۋاي ئۇنى كۈچەپ قۇچاقلىماقتا. ئەنئەنە دېگەن ساقال شۇ - ئۇنى A خېنىم يۇڭدىماقتا. . .

- يىگىت، سىزگە ھەمراھ كېرەكمۇ؟

ئالدىدا بىر قىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ قىز، شۇ تونۇش چىراي، بىراق، شاھىدە ئەمەس. ئۇ، قىزغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ تۇرۇشىغا بىر ئەر كېلىپ:

- نېمە، سىز بۇ يەردە ئەسلىگە قايتمىغان ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتىڭىز. يۈرۈڭ، - دېدى - دە، قىزنى قۇچاقلىغىنىچە ئېلىپ كەتتى. ئەرمۇ تونۇش چىراي، ئادەملەر ئەخلاق، نىكاھ دەپ ئېغىزدىلا جۆيلۈپ يۈرىدىكەن - دە! ئۇ بەزمىخانىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك قىز كىم؟ ئېھتىمال شاھىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەرلەر ھېسسىياتنى تۈز ۋە بىۋاستە ئىپادىلىگەن قىزلاردىن قاچىدۇ. ئۇ دەل شاھىدەدىن ئاشۇنداق قاچتى. بەزىلەر ئەنئەنە ئۇچۇن ياشىسا، بەزىلەر ئالۋاستى ئۇچۇن ياشايدۇ. بەزىلەر غۇۋالىق ئۇچۇن ياشايدۇ. ئۇچۇ؟ . . . ئۇ ئاشۇ ئەتراپى قاپقارا، ئوتتۇرىسى قىزىل رەڭلىك ئېللىپىس شەكىلدىكى بوشلۇق ئۇچۇن ياشايدىغاندەك ئىدى. بىر ئەر ئۇچۇن پانىي دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق تەلەپ قىلىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟ ئېللىپىس شەكىلدىكى ئاشۇ بوشلۇق ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئۇنىڭ سېزىمىنى، ھېسسىياتىنى، تېنىنى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى

غايىبانە ھالدا ئۆزى تەرەپكە سۆرەيتتى. گەرچە ئۇ بۇ بوشلۇقنى مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ھامان بىركۈنى چېكىگە يېتىپ قالارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشاۋاتاتتى. تېلېفون جىرىڭلاپ، چاقىرغۇ سايراپ، ئۇنى ھامان ئاشۇ بوشلۇق ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇ كۈتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ كۈتۈپ ھاردى. قانداق قىلىش كېرەكلىكى نامەلۇم، ماكان، زامانىنىڭ چېكى يوق، سەۋرىنىڭ چېكى بار. لېكىن، ئۇ ئىزدەۋاتقان بوشلۇقمۇ چەكسىز. بۇ بوشلۇقنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ ئايالى، شاھىدە، A خېنىم توگول، پۈتكۈل پانىي، باقىي ئالەمدىكى بارلىق ئاياللارمۇ تولدۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ سەۋرىسى تاشتى، ئاخىرى تېلېفون سىمىنى ئۈزۈپ، تېلېفوننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىشخانىنىڭ تېمىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇپ، چاقتى. چاقىرغۇنى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى.

- مەن ئاشۇ بوشلۇققا كىرىشىم كېرەك ئىدى، - دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك زەئىپ ئىدى. تېنى بارغانسېرى ئۆز روھىغا سىڭىپ، ئەتراپى قارا، ئوتتۇرىسى قىزىل رەڭلىك بوشلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

يامغۇر قايتىدىن قويۇۋەتتى. ئۇ، ئۆيگە يەنە سولىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بوشلۇق ئىچىگە ئېرىپ، ئېقىپ كىرىۋاتقان تېنى توڭلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئەسلىگە كەلدى. ئۆگزىدە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى نودىن شارقىراپ چۈشمەكتە. غۇۋا ھور تۇتقان ئەينەكنىڭ سىرتىدا بىرسى قىيپالىڭاچ ھالەتتە ھەممىنى ئۇنتۇپ نومۇسسىزلارچە يۇيۇنماقتا. ئۇ كىمكىنە، ئېھتىمال ئۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

1995 - يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى

---



ياش يازغۇچى **ھۇسەيىن تاش** 1966 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بولاقتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ناھىيىسىدە تاماملىغاندىن كېيىن، 1985 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1989 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر «شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گېزىتى» دە تەھرىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ھۇسەيىن تاشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1986 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت، ژورناللاردا شېئىر - ھېكايە، نەسىر، نەزەرىيىۋى ماقالە قاتارلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن باشقا 1996 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىدى.

دىلمۇرات مەھمۇت

# بىر پارچە سۈرەت

(ھېكايە)

ئاماكا ئىسلىرى ئەتراپىمغا ئاستا ـ ئاستا يېيىلىۋاتىدۇ، مەن يەنە شۇ پېتى يالغۇز ئولتۇرسام، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماسمەن. ئادەمنىڭ بەزىدە كۆندۈزى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگۈسى كېلىپ قالىدىكەن. بىراق بۇ پۇرسەتكە خالىغان چاغدىلا ئېرىشىش ھەقىقەتەن تەس. مەيلى ئۆز ئۆيىدە ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بولسۇن، ئادەم ساقلىغاچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشقۇ يامان ئىش ئەمەس. لېكىن مەن بۈگۈن زادى كىمنى ساقلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال، ئۆتكەن يىلى كۈزنىڭ بىر كەچقۇرۇنى بولسا كېرەك، مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدىم. ئۇنىڭ نەلەردە لاغايلاپ، ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاچچىق ئىچىدە پەرەز قىلاتتىم. بارىدىغان يىغىلىشنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئايالى، ھازىرلا كىرىمەن، دەپ قويۇپ قوشنىلىرىنىڭكىگە چىقىپ كەتتى. يالغۇز قېلىپ زېرىكىش ئىچىدە، ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئالبوملاردىن بىرىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇلارنى قانچە قېتىم كۆرۈپ بولغانلىقىم يادىمدا يوق. بىراق، شۇ چاغدا ماڭا قىلىدىغان باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى. ئالبومنى ۋاراقلاۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تىزىلغان ھەم بۇرۇن كۆرمىگەن بىرمۇنچە سۈرەتلەر چىقىپ قالدى. بىر ـ بىرلەپ كۆرۈۋېتىپ، بىر پارچە سۈرەتكە كۆزۈم چۈشۈپ توختىدىم. بۇ ئادەتتىكىچىلا بىر قىزنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى سەل يانغا قارىتىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان قىياپىتى ماڭا ناھايىتى تونۇش بىلىنىدى. ئۇنى ئەسلەپ تېپىشقا ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولۇپ، كۆزۈمنى قىسىپ، سۈرەتكە سىنچىلاپ قارىدىم. بىر ھېسابتا بۇمۇ بىر كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. قارىغانسىرى ئۇ ماڭا تېخىمۇ تونۇش بىلىنمەكتە ئىدى. بەلكىم بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى باشلانغۇچتا بىر يىللىقتا ئوقۇغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ سەل ئېچىلغان لەۋلىرى «مەن ھېلىقى. . .» دەۋاتقاندەك تۇراتتى. «ھە، سىز ھېلىقى. . .» بۇ دىئالوگدىن ھېچنېمە چىقمايتتى. ئۇ چىملىقتا ئوڭ قولىنى يەرگە تىرەپ، سىڭايان بولۇپ ئولتۇرغانىدى. كۆپىنچە قىزلار چىملىقتا سۈرەتكە چۈشكەندە، شۇنداق ئولتۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرۈنىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلار قېلىن قار ياغقان چاغلاردىمۇ قار ئۈستىدە شۇنداق ئولتۇرۇپ، ھەرخىل سۈرەتكە چۈشۈشكە ئامراق. ئۇنىڭ سوزۇنچاقراق كەلگەن كۆزلىرى، مەڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سول مەڭزىدىكى بىر تال مەڭ ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمىغان. بەلكىم، شائىر ياكى يازغۇچى بولغان بولسام، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن، بۇ قىزنىڭ ھۆسنىگە ياراشقانلىقىنى ھېس قىلالىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا سەل ھىمىرىلگەن، قاپقارا، توم بىر تال ئۆرۈمە چېچى ئالدىدىكى چۆپلەر ئۈستىگە چۈشكەنىدى. رەھمەتلىك ئاچامنىڭمۇ شۇنداق يارشىملىق ئۇزۇن چېچى بارلىقى ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ چاغدا مەن 7 ـ 8 ياشلاردا بولسام كېرەك. ئۇ قازا قىلغان كۈنى مومامدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇنى يۇغان ئاياللار، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا ناھايىتى ھەيران بولۇپ، ئىچى كۆيگەنىكەن. شۇ چاغدا مەن دەسلەپ يىغا ـ زارە قىلىشۋاتقانلارغا قاراپ گاڭگىرىغان بولسام، كېيىن قەبرىستانلىققا چىققاندا قاتتىق چۆچىگەنىدىم. دادامدىن، ئۇنى نېمىشقا كۆمۈۋېتىسلەر، دەپ سورىسام، ئۇ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈپ قويىدىغان گەپ بالام. . . ئاچاڭنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن» دەپ ئېغىر خۇرسىنغانىدى. قايتا ـ قايتا سورىغان سوئاللىرىمغا ئۇ يەنە شۇ مەن تېگىگە يېتەلمەيدىغان گەپلەر بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۆيىمىزدىكى ئاسلان تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى. ئۇنى باغچىغا بىر كىچىك ئورەك كولاپ كۆمۈپ قويدۇم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئۆلۈك ئاسلاننى بىر كۆرۈپ باققۇم كېلىپ، ھېلىقى يەرنى كولىدىم. ھەي، مەن شۇ يەرنى كولىمىغان بولسامچۇ. . .

سۈرەتتىكى بۇ قىز زادى كىم؟ ئۇ يەنە ئۇزۇنراق كەلگەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ «مەن ھېلىقى. . .» دەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىسقا يەڭ، ئۇزۇن چىت

كۆڭلەك كىيگەنىدى. بۇ يىللاردا بۇنداق كۆڭلەكلەرنى ھەتتا سەھرا قىزلىرىمۇ كىيمەيدۇ. شۇنىڭغا قاراپ بۇ سۈرەت، ئاز بولغاندا ئون يىل بۇرۇن تارتىلغان، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغدا سىنىپىمىزدىكى بىرمۇنچە قىزلار دەل مۇشۇنداق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ تېخى مېنىڭ پارتىدىشىم ئىكەنلىكى ئېسىمدە. ئۇ بوي - تۇرقى ئادەتتىكىدەك، مۇلايىم، كەم سۆز قىز ئىدى. بىز ئادەتتە دەرس ۋاقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئانچە كۆپ پاراڭلاشمايتتۇق. ئۇ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان مودا قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا ئۇ ئايرىلىش خاتىرەمگە «سىز بىلەن بەش يىل بىر پارتىدا ئولتۇرغىنىمنى تەلىيىم دەپ بىلىمەن، سىز ناھايىتى ياخشى يىگىت. سىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش يولىڭىزدا ماڭا ئوخشاش تەلەيلىك بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. . . » دەپ يازغانىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولساممۇ، بىراق، ئانچە كۆپ ئويلىنىپمۇ كەتمىگەنىدىم. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مەنمۇ شۇنداق گەپلەرنى يازغاندىمەن، ئېسىمدە قالماپتۇ. كېيىن ئاڭلىسام، بۇ قىز يۇرتىغا قايتىپلا توي قىلىپتۇ. بىراق، نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئۇزۇنغىچە كاللامدىن كەتمىدى.

بۇ سۈرەتتىكى قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تېخىمۇ قىزىقىۋاتاتتىم. بىراق، بۇ بىر ئانچە مۇھىممۇ ئىش ئەمەس. مەن ئۇنى زادى قەيەردە كۆرگەن بولغىيتتىم؟ بىرەر تويدىمۇ ياكى تانسىخانىدىمۇ؟ بەزى چاغلاردا كەيپچىلىكتە كۆرگەن قىزلارنى بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇچراتقاندا تونۇماي قېلىشىمىز مۇمكىن، بەلكىم تانسىخانىدا كۆرگەندىمەن.

مەن دائىم ئايالىمغا بىلدۈرمەي تانسىغا كىرىپ تۇراتتىم. باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ. بىزنىڭ بويتاق ئاغىنىلەرنىڭ «خوتۇنىدىن قورقىدۇ. . . »، «سايىم ئاخۇن» دېيىشلىرىگە چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ - دە! ئايالىم شۇ كۈنلەردە توساتتىن ماڭا تەتۈر قاراپ، قاتتىق تېگىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولغانىدىم. ئۇ ئاخىرى پارتلاپ چىققان چاغدا «نېمىشقا زامانغا لايىق ئۇچۇق - يورۇق يۈرمەيسەن؟ » دېۋىدىم، ئۇمۇ مانا ئەمىسە دېگەندەك راستىنلا «ئۇچۇق - يورۇق» بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىر ناتونۇش ئەرنىڭ تېلېفونىنى ئالغانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم.

بىركۈنى كېچىسى ئۇنىڭغا قاتتىق يالۋۇردۇم. مەن شۇ چاغدا يىغلاپتىمەن. ئۇمۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. «جېنىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان» دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ. ئۇ پەقەتلا «مەن ئەيىبلىك» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. مەن ئۆمرۈمدە ئۈچ ئايال بىلەن مۇشۇنداق بىللە يىغلىشىپتىمەن. تۇنجىسى ئاپام، ئۇندىن كېيىنكىسى مومام، ئۈچىنچىسى ئايالىم. ئۇلارنىڭ ئۈچىسى ئۈچ خىل ھېسسىيات ئىچىدىكى يىغا ئىدى. مەن شۇ چاغدا مومامنىڭ يېنىغا خوش دېيىش ئۈچۈن كىرگەنىدىم.

- يەنە ماڭىدىغان بولۇۋاتامسەن بالام؟ - دېگەنىدى ئۇ، ئالقانلىرى ئارىسىغا قوللىرىمنى ئېلىپ. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە ئەسلىدىلا ياش قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا مەن ئارانلا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئىدىم.

- ئوقۇ بالام. خۇدايىم بۇيرىسا، سەن مەكتەپىڭنى پۈتتۈرسەڭ، تويىڭنىمۇ كۆرەرمەن، - ئۇ دائىم ئۆزىنى سالامەت كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

- ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە موما. بۇنداق گەپلەرنى قىلمىغىن. سەن چوقۇم يۈز ياشقا كىرىسەن، - مەن بۇ گەپنى ئۇنىڭغا يۈز قېتىم دەپ بولغاندىمەن.

- رەھمەت بالام، ئوبدان ئوقۇغىن. سەن يەنە تېخى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ، مېنى داۋالىتىسەن، شۇنداققۇ؟ داداڭ، ئاپاڭنىڭ قولى قىسقىراپ قالدى. ئۇلارغىمۇ ئامال يوق. يەنە بۇ ئۆيلەرنى قايتىدىن ياسىتىسەن. ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرى ساڭا قالىدۇ. . . - بۇرنۇم ئاچچىق ئېچىشىپ، يەرگە قارىۋالدىم. بۇ ئاخىرقى خوشلىشىش بولۇپ قالغانىدى.

قىزنىڭ سۈرىتىنىڭ كەينىدىكى تاشلىق يول ۋە راۋاقلارغا قاراپ، بۇ يەرنىڭ ھازىرقى مەركىزىي باغچىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يولنىڭ ئۇ يېقىدا، كۆكۈش كۆل يۈزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۆك - باراقسان مەجنۇنتاللار ئاستىدىن قېيىققا چۈشكەن بىرمۇنچە ئادەملەرنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يىل يازدا بىز بىر ئائىلە قېيىققا چۈشۈپ باقماپتىمىز. ئوغلۇمنىڭ نەچچە قېتىم، باغچىغا بارايلى، دەپ جېدەل قىلغىنى ئېسىمدە. بىراق، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتىمەن. قىلىدىغان ئىش كۆپىيىپ كەتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بىلەلمىدىم. يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىپ، ئۈستۈمنى بىر تاغ بېسىۋالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئىشخانامدا نەچچە سائەت تاماكا چېكىپ، ھەرخىل پاراڭلارنى

سىلىپ ئولتۇرۇپ، چوڭ خىزمەت قىلغاندەك هېرىپ-چارچاپ ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن. بەزىدە ئاغىنىلەر بىلەن بىللە يېرىم كېچىگىچە قارت ئويناپ ئولتۇرىمەن. يەنىلا هاردۇقۇم چىقمايدۇ. بەزى چوڭلار «بۇ دېگەن ئېتىقاد، ئىمان بولمىغانلىقنىڭ ئىشى. ئىمانىڭ بولمىسا، شۇنداق چۈشكۈن يۈرىسەن» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭ تېگىگە يېتىشنى ئويلاپ باقمىدىم. ئويلاپ يېتەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن. ئېهتىمال، ئىمانلىق بولسام راستىنلا روهلىنىپ قالارمەن. بىراق، مەن يەنە هاراقسىز كۈن ئۆتكۈزەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ. بۇنىڭغا ئامالسىزمەن. بىر قېتىم ئوغلۇم ماڭا: «ئاياغ مەهەللىدىكى ئەسقەر ناماز ئوقۇيدىكەن. ماڭىمۇ ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوي» دېۋىدى، «بېرىپ بوۋاڭدىن ئۆگەن!» دېدىم. بۇ زاماننىڭ بالىلىرى بىزگە ئوخشىماي، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاپ قېلىۋاتامدۇ-نېمە؟! ئۆتكەن يەكشەنبە بىر دوستۇمنىڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ئىنىسى ئاران يىگىرمە ياشتا ئىدى. چوڭلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇنى ناهايىتى پاك، ئىمانلىق بالا ئىدى، دېيىشكىنىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن يەنە هېلىقى مۈشۈكنى ئۇنتالمايمەن. ئادەم هايۋانغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يىگىتنىڭ روهى چوقۇم پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىدىن ئۆتۈپ، جەننەتكە كەتكەندۇ. بەلكىم ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈلۈك هاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى راستتۇ. ئېهتىمال خۇداغا بولغان ئېتىقاد خۇددى چەكسىز دېڭىزدىكى بىر ئارالغا ئوخشايدىغاندۇ. باشقا خىلدىكى ئېتىقادلار خادا تاشلارغا ياكى پاراخوت، كېمىلەرگە ئوخشايدىغاندۇ. ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا ئېتىقادسىز ئادەم ناهايىتى ئاز. بەزىلەر پۇلغا، بەزىلەر ئابرويغا، بەزىلەر مۇهەببەتكە، بەزىلەر بولسا يەنە تالانتقا ئېتىقاد قىلىدۇ. دېڭىزدىكى بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە، خۇدانىڭ ئارىلى مەڭگۈ تىنچ، بىخەتەر تۇرىدۇ. باشقىلار بولسا، بىردە چۆكۈپ، بىردە كۆرۈنۈپ، كىشىگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. خۇدانىڭ زېمىنىدا تۇرغان هەرقانداق كىشىنىڭ تۇرمۇشى تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك بولىدىغانلىقى شۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېهتىمال دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ مەقسىتى شۇ يەردىدۇر. مېنىڭ هېچكىمگە «مەن خۇدانى تاپتىم» دېگىنىم يوق. ئۇ بىر دۆتلۈك. چۈنكى، مەن ئۇنى مەڭگۈ تاپالمايمەن. مەن يەنىلا گاڭگىرايمەن. ئۇلارنى ئويلاپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلغۇم يوق. بەزىدە باشقىلارنىڭ ماڭا پەرۋاسىز قاراۋاتقانلىقىنى هېس قىلسام، خۇدانى ئەسلەپ بېقىشقا تىرىشىمەن. لېكىن، ئەسلىيەلمەيمەن. بەلكىم مەن ئۆمرۈمنى ئىنتايىن مەنىسىز، بىهۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقاندىمەن. كېيىن مەن بۇنى چوقۇم هېس قىلىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. دائىم سەۋەبسىزلا، هەممە كىشى ماڭا چوقۇنىسىكەن، جىم يۈرسەممۇ مېنى تەرىپلىسىكەن، دۇنياغا تونۇلسامىكەن، دەيمەن. بۇ ئاجايىپ بىرخىل غەلىتە خىيال. بەزىدە، ئۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشىش مېنى ئوسال قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، هەممىمىز ئەسلى يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان مۇشۇنداق خىياللىرىمىزنى يوشۇرۇپ يەنىلا دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن ساپ كۆڭۈل، دەپ قارىسامۇ، لېكىن يېقىندا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەتكەن يېقىن دوستۇمغا هەسەت قىلغانلىقىمنى ئىنكار قىلالمايمەن. بىزنىڭ يەنىلا نىقاب ئىچىدە يۈرگىنىمىز ياخشى ئىكەن. بولمىسا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىشەنچ، ساداقەت دېگەن نەرسىلەر قالمايدىكەن. بۇخىل هالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناهايىتى تەس. ئېهتىمال، مەن ئۆزۈم دۇنيادىكى بىردىنبىر رەزىل، شۆهرەتپەرەس، قارا نىيەت ئادەمدۇرمەن. بىراق، بۇنى هېچكىمنىڭ بىلمىگىنى ياخشى. ئۆزۈممۇ بۇنىڭغا پەرۋاسىز بولۇۋېلىشىم كېرەك. . .

هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. دوستۇمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. قولۇمدىكى سۈرەت شۇ پېتى تۇراتتى. بۇ قىزنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىش كېرەك. گەرچە بۇ مەن ئۈچۈن قىلچە مۇهىم بولمىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا قىزىقىدىغان يېرى بار. ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئىشىك ئېچىلدى. . . دوستۇم شۇ چاغدا كۈلۈپ كېتىپ: «هەي، ئاداش، بىزنىڭ خوتۇننىڭ ياش ۋاقتىنى تونۇماي قاپسەن» دېگەندى. مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. شۇ كۈنىمۇ ئادەتتىكىچىلا بىر كۈن ئىدى.

نىياز قاھار

# ئاگاھ بولۇڭلار قومۇللۇق ياشلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**گەرچە ھەقىقەت سىنىڭ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ساڭا مەنسۇپ بولمىسا ئۇنى ئۆز روھىڭدىكى پاجىئەدىن كۆر!**

**- خاتىرەمدىن.**



1

رىۋايەت قىلىنىشچە: «نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ھەددىدىن ئېشىپ، باشباشتاق بولۇپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ، ھەتتا، خۇداغىمۇ تىل تەگكۈزگەنىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالاملا ئىمانىنى يوقاتماي تەڭرىگە سادىق بولۇپ، كىشىلەرنى ھىدايەت يولىغا ئۈندەپتۇ. لېكىن كىشىلەر ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ مېڭىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قەھرى - غەزەپكە كەلگەن تەڭرى ئىنسانلارنىڭ بېشىغا توپان بالاسى سېلىپتۇ...»

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ گەرچە بىر رىۋايەت بولسىمۇ ئۇنىڭ بىزگە سۇنغان رېئال قىممىتى ئىنتايىن زور. بۇ رىۋايەت بىزگە ھەرقانداق نەرسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە كۆزگە كۆرۈكلۈك پاجىئە بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇيدىغان بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

بىر كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتتا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقان بىر ئەرەب بىلەن سۆھبەتلىشىپ قاپتۇ. سۆھبەت ئارىسىدا ئۇ ئەرەب ھەيران بولۇپ:

- سىلەر ئۇيغۇرلار ئۆزۈڭلارنى بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز. بىز مۇسۇلمان دەيدىكەنسىلەر ھەم چوشقا گۆشىنى مەكرو قاتاردا كۆرىدىكەنسىلەر. بىراق ھاراقنا ئاجايىپ ئەتىۋارلىق نەرسىدەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىلەر. ھاراق سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلاردا كەم بولسا بولمايدىغاندەك دەرىجىدە ئىكەن. لېكىن بىز ئۇنداق قارىمايمىز. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھاراقنى ئەڭ چوڭ مەكرو قاتارىدا ھېسابلايمىز ھەم ھاراقنىڭ ھاراملىق دەرىجىسىنى چوشقىنىڭكىدىن يۇقىرى قويىمىز. شۇڭا ھاراق ئىچكەن مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمىز ھەم شەرىئەت بويىچە جازا يۈرگۈزىمىز، - دەپتۇ.

ئۇ دوستۇم ماڭا شۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، ئاچچىق كىنايە قىلغان ھالدا:

- بىز ئۆزىمىزدىن گۇمانلانساق ھەم ئاۋۇ بوتۇلكىنى بويىنىدىنلا دارغا ئاسساق بولغىدەك ، - دېدى. ئىككىلىمىز تەڭلا ئازابلىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

دېمىسىمۇ، بىز ئۇيغۇر خەق ھاراقنى كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز دەرىجىدە ئىستېمال قىلىمىز. ھاراق بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەيلى قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېسىل پەتنۇسلارغا تىزىلىپ «غادايغىنىچە» پەيدا بولىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي قۇدرىتىگە ئىگە سۈيۈقلۇقى بىلەن بىزنى بىر مەزگىل «پۇخا»دىن چىقىرىدۇ.

ئەلۋەتتە، قۇمۇل ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە ئۇيغۇرنىڭ ھېيت - بايرىمى، توي - تۆكۈنلىرى، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. شەھەردىمۇ، يېزىدىمۇ، مەھەللىدىمۇ، بايىنىڭكىدىمۇ، گادايىنىڭكىدىمۇ، قېرىنىڭكىدىمۇ، ياشنىڭكىدىمۇ ھەم شۇنداق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەقەت ئۆلۈم - يېتىمدىن باشقا ھەرقانداق سورۇن، مەرىكە بولسۇن بىرلا نەرسىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ «قەدىناسىمىز» ھاراق ! ! !

مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ھاراق دېمەك بىز دېمەك، بىز دېمەك ھاراق دېمەك بولۇپ قالدۇق. خۇداغا شۈكرى ھېلىمۇ ھاراقنىڭ ئورنىدا ماگىزىن، سودا سارايلىرىدىكى بوتكىغا، پوكەيگە تىزىلىپ چىقىپ قالمىدۇق. ئەگەر چىقىپ قالغان بولساق، ئەتراپىمىزدىكى چىرايلىق تىزىلغان ھاراق بوتۇلكىلىرى بىلەن تەڭلا سېتىلىپ كېتىمىزغۇ دەيمەن!

ئەتىل مەزگىلى ئىدى. بىر دوستۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن مەلۇم بىر «رېستوران»دا ئۆتكۈزۈلگەن توي مەرىكىسىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم.

دەرۋەقە توي دېگەن ھاراقسىز بولمايدۇ ھەم ھاراقسىز قىزىمايدۇ - دە! تاماق، سەيلەر بىلەن تەڭ «بەنچاۋ» ھارىقى كەلتۈرۈلدى. چاي پىيالىسىغىمۇ، رومكىغىمۇ قۇيۇلدى. چىرايلار قىزىرىپ - سارغايغىچە، كۆزلەر خۇمارلاشقىچە، پۇتلار ئەلەڭشىپ، مېڭە - نېرۋىلار قوزغىلىپ ئەسەبىيلەشكىچە ئىچىلدى. توي ۋېچىركىسىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇسسۇل، تانسىمۇ باشلاندى، مەيدان شۇنچە كەڭ. بىراق ھەممىسى قوتانغا قاپسالغان مال - ۋاراندەك قالايمىقانچىلىق، قىستىچىلىقتا. سورۇندا ئوينىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىمۇ ئەسلى شەكلى - ماھىيىتىنى يوقاتقان ھالدا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىغا ئوخشىمايۋاتاتتى. تۇيۇقسىز مەرىكە زالىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدە ۋارقىراپ - جارقىراشلار، قىقاس - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. گۈلدۈر - قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى، ئۈچ ئۈستەل ئۆرۈلۈپ چۇشكىلى قىل قالدى. چىنە - قاچىلار سۇندى. قىزلارنىڭ قىيا - چىيالىرى، قىقاس - چۇقانلارنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. بىر توپ ئوغۇللار بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشىۋالغان بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ بېشىغا، يۈزىگە، بېقىنىغا ئايىماي مۇشت ئېتىۋاتاتتى. زال باشقۇرغۇچىنىڭ «ھاي توختاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، ئۇرۇشقۇڭلار كېلىپ كەتكەن بولسا سىرتقا چىقىپ ئۇرۇشۇڭلار، زىيان بولسا توي ئىگىسى ئۆزى تۆلەيدۇ» دېگىنىگە قارىماي ماجىرا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. چوڭلارنىڭ بىر - ئىككىسى كېلىپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى ئاجرىتىۋالىمىز، دەپ بارغان ياشلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۇرۇش - تالاشقا قوشۇلۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئاجرىتىۋېلىنغان بىر نوچى يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ كىمدۇ بىرىنى يەرگە يانتۇزۇپ دەسسەپ چەيلىۋەتتى. رەسۋاچىلىق، يىگىت تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان خەنزۇ يولداشلار بىزنى نېمە دەپ قالغاندۇ؟ . . .

توي ئىككى سائەتمۇ داۋاملاشالماي مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

بۇ بىر توينىڭ كۆرۈنۈشى. ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت - بايرىمىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساقمۇ، بۇ ھېيت - بايراملار خۇددى «دەيزۇلارنىڭ سۇ چېچىش بايرىمى»دەك بىزگە ھاراق ئىچىش بايرىمى بولىدۇ. ئەتىگەنلىك ھېيت نامىزىدا سۆزلەنگەن ھاراق - شاراپ ئىچمەسلىك توغرىسىدىكى نەسىھەت، تەلىم - تەربىيە، ئاگاھلاندۇرۇشلار، مەسچىتتە، شۇ كۈنلۈك ھېيت نامىزىدىلا ئۈنۈمگە ئىگە. ھېيت نامىزى تۈگىسۇنچۇ، قايسىلا ئۆيگە كىرسەڭ ئالدى بىلەن ئالدىڭغا قويۇلىدىغىنى ھاراق (سېنىڭ تاما قىلىپ كىرىدىغىنىڭمۇ ھاراق) بولىدۇ. ئۈچ كۈنلۈك ھېيت ئون كۈن ھەتتا بىرەر ئايلارغا سوزۇلۇپ خۇددى سېنى ھاراق ئىچىش مۇسابىقىسىگە سالغاندەك ئايلاپ ئايىغى چىقماس ئىچىش، مەست كەيپىلىكتە ئۆتىدۇ.

بۇ چاغلاردا سېنىڭ «كۆتۈرە» ئېلىۋالغان جېدەل - ماجىرايىڭ، چىقارغان چاتاقلىرىڭ ساقچى ئورۇنلىرىدىلا خۇلاسىلىنىدۇ. دەرۋەقە بۇنداق سورۇنلاردا كىم ھاراقنى

كۆپ ئىچسە شۇ نوچى. شۇ مەرد، شۇ ئوغۇل بالا، كىم جىق ئۇرۇۋالسا شۇ باتۇر، شۇ قەھرىمان. سەن ھاراقنى ئىچمىسەڭ، بۇ سەپكە قېتىلمىساڭ، سەن ماز، سەن توخۇ يۈرەك، سەن لاتا! مانا بۇ بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ بىر - بىرىگە بېرىدىغان «باھاسى»، «شۇنداقلا ئەڭ توغرا باھاسى!»

8 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى يىغىنىدا يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىلەن قۇمۇلدا ئۇچرىشىش پۇرستىگە ئىگە بولدۇم. سۆھبەت ئارىسىدا ئۇ: «ئادەملىرىمىز ھاراقنى ھەقىقەتەن كۆپ ئىچىدۇ. بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەيلى، ئويلاپ بېقىڭلار، لېكىن شۇ ئىچكەن ھاراقنى پۇلغا سۇندۇرغاندا نەچچە مىليون بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرمەيدۇ. ئىقتىساد دېگەن يامان نەرسە، ئۇ خۇددى ئادەمنىڭ ئومۇرتقىسىغا ئوخشايدۇ. ئومۇرتقىسى يوق ئادەم ئۆرە تۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، ئىقتىسادسىز ھېچقانداق بىر مىللەت ۋە ئادەم ئۆرە تۇرالمايدۇ. ھەي . . . مۇشۇ يېرىمىزگە ئىچىم بەك پۇشىدۇ» دېدى.

راست، قۇمۇلدىكى ھەربىر توي - تۆكۈن، مەرىكە، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردىكى ئىچىلىۋاتقان كۈندۈلۈك ھاراقنىڭ قىممىتىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆرسەك نەچچە ئون مىڭ سومغا يېتىدۇ. بۇ ئاز پۇل ئەمەس، ئەگەر مۇشۇ پۇللارنى يىغقاندا، ئۆزىمىزگە پايدىلىق نى - نى ئىشلارنى تەۋرەتكىلى بولاتتى. ھەي ھاراق، ئەقىلنى، ئىماننى بۇلىغان ھاراق! ئادەملىكىمىزنى يوقاتقان نېجىس ھاراق!

ئويلىنىڭلار ياشلار، دۇنيا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ جەمئىيەت نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ مىللەت نېمە غەمدە؟ سىلەر نېمە غەمدە؟

سىلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى، سىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىڭلار مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى. سىلەرنىڭ ئار - نومۇسىڭلار ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئار نومۇسى. سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرى!

لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ئادەم گۆشى يېمىگەنلەر بارمۇ؟ بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار. . .»

2

قەدىمكى گرېك ماتېماتىكى پىفاگور «مەستلىك ئەقىلدىن ئېزىش مەشىقىدۇر» دېگەنىكەن. . .

خروئىن ۋە نەشە خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزدە بىردەك چەكلەنگەن زەھەرلىك چېكىملىك، نەچچە يىلنىڭ ياقى ئاپتونوم رايونىمىزدا خروئىنغا قارشى خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىپ ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دەرۋەقە بىز ئۇيغۇر مىللىتى مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە خروئىننىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. تالاي - تالاي يىگىتلىرىمىز، نى - نى قىزلىرىمىز مۇشۇ ئىپلاسنىڭ كاساپىتىدە نابوت بولدى. مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى تۈۋرۈكلىرى ئارقا - ئارقىدىن يىقىلدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق ئېسىمىزدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قۇمۇل رايونىدا خروئىن چېكىش ئەھۋاللىرى ئاز كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق، ياشلىرىمىز ئارىسىدا نەشە چېكىش ئەھۋاللىرى باش كۆتۈرگەنىدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ چەكلەش، تەشۋىق قىلىشىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈۋاتقان ھەم نەشە چېكىش ئەھۋالى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەۋاتقان بولسىمۇ، نەشە تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلمىدى. ئۇ يەنىلا بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ، ئىنى - ئۇكىلىرىمىزنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى غاجىماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەشە سودىسى قىلىپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ تەمىنلەيدىغان، بۇنى پۇل تېپىشنىڭ يولى قىلىۋالغانلارمۇ، سورۇن تۈزەپ «قوش كەيپ سۈرىمىز» دەپ نەشە ۋە ھاراق ئىستېمال قىلىدىغان مەخسۇس «ئۇلپەتداشلار ئۆيى» ھازىرلىغانلارمۇ بار. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، ئون ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بالىلارمۇ تاماكىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇنى خاتا ھالدا چوڭ بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. (مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇمات ۋە ستاتىستىكىلار، دائىرە ھەم كۆلەم ئەھۋاللىرى بېرىلمىدى.) «ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك ياشلىرىمىزدا بارغانسېرى ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا! خەلقنىڭ ئۈمىدى بولغان ياشلارنى بەختسىزلەر، مەھبۇسلار، ساراڭلار، جەسەتلەر لاگېرىغا ئىتتىرمەكتە! مىللەتنى يالغۇز توپ - زەمبىرەكلا ئەمەس چېكىملىك نەيچىسى، ئىچىملىك رومكىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقمۇ ۋەيران قىلالايدۇ. ياشلاردىن ۋە قىزلاردىن، ياش ئاياللاردىن بىر تۈركۈم قەھرىمانلارنىڭ چىقىپ ھەممە ئۈنۈملۈك ۋاستىلەر بىلەن بۇ ئىككى ‹قىيامەت بورىنى›، سىياقىدىكى ئىپلاس ھادىسىنى چەكلەشكە جان پىدا قىلىشلىرىنى دەۋر تەقەززا

قىلماقتا. مېنىڭچە بۇنداق «چىستانى ئىلىك بېك، ۋە «زورو» چوقۇم چىقىدۇ» (ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 93 - يىللىق 2 - سان «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»).

ئويلىنىڭلار ياشلار، دۇنيا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ جەمئىيەت نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ مىللەت نېمە غەمدە، سىلەر نېمە غەمدە؟ سىلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى. سىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىڭلار مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى. سىلەرنىڭ ئار - نومۇسىڭلار ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئار - نومۇسى، سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرى!

لۇشۇن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە «ئادەم گۆشى يېمىگەنلەر بارمۇ؟ باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!»

3

دەرۋەقە بىزنىڭ قۇمۇل رايونىمىزدىمۇ خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ تراگېدىيىلىك ئەھۋالى ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، تۆۋەن يولغا كىرىپ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان قىزلىرىمىزنىڭ سانى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەلۇم تانسىخانىنىڭ ئالدىدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئاكىمىز ئېچىنغان ھالدا:

- ھەي ئۇكام، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ كۆزىمىزنى پۇل توسۇۋېلىۋاتىدۇ. پۇل! پۇل بىزدىكى ئىماننى، ۋىجداننى قەلبىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ جاۋابىنى، مەسئۇلىيىتىنى كىممۇ ئۈستىگە ئالار؟ بۇنىڭ سورىقىنى كىممۇ قىلار؟ - دەپ ھەسرەت چەكتى.

يەنە بەزىبىر ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، بىر ئائىلىدىن ئاچا - سىڭىل، ئانا - بالا بولۇپ ئىپپەت - نومۇسنى ساتىدىغان، بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئۆيىنىمۇ بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان (مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىگىلەنگەن دەلىللەر، مىساللار بېرىلمىدى).

قىزلىرىمىزدىكى بۇ خىل بۇزۇقچىلىقنىڭ سەۋەبى، مەنبەسى نېمە؟

ئېھتىمال، جاۋاب ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مۇھىم دەپ قارىغان تەرەپلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي نامراتچىلىق، ھەممىگە مەلۇم، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزا - سەھرالاردا، ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىسى شەھەر رايونىدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن. ھەربىر ئائىلىدە ئىقتىسادىي كىرىزىس كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتتە يېتىلىۋاتقان قىزلىرىمىز جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجلىرىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپ، ئېھتىياج قانمىغاندىن كېيىن بىلىپ - بىلمەي بۇ يولغا قەدەم تاشلاپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسنى سېتىش بىلەن مىللەتنىڭ ئار - نومۇسنى سېتىشنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى ئەخلاققا يات بولغان ھەم غەربنىڭ جىنسىي ئەركىنلىكىنى قارا - قويۇقلا قوبۇل قىلىۋېلىشىمۇ بىر تۈرلۈك سەۋەبتۇر.

تۆتىنچى، بەزى ئوغۇللىرىمىز قىزلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە بىر ئانا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكى، بۇ نوقۇل ھالدا ئائىلە ئانىسى ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئانىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنلىكى ھەم ئۇلارنى يامان يولغا ئىتتىرىپ قويۇشىمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەلۋەتتە بىز ئوغۇللارمۇ قىزلىرىمىزنى قوغدىيالمىدۇق. ئۇلارغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلدۇق، ئۇلارنى ئالدىدۇق. بىزنىڭ سۆيۈقلۇقىمىز، ۋىجدانسىزلىقىمىزدىن ئۇلارنىڭ قەلبى بىزدىن سۇ ئىچەلمىدى. ئوغلانلىرىمىزدىن ھەقىقىي بەھىر ئالالمىدى. ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتۇق. بىزنىڭ مۇھەببەتلىشىش مەقسىتىمىز جىنسىي ھەۋەس، پائالىيىتىمىز كېچىلىك تانسىخانىلار، باغچىلار، ئۆستەڭ ياقىلىرى، خىلۋەت جايلار بولدى. بىزنىڭ ئۇلاردىن كۈتكىنىمىز، تاما قىلغىنىمىز ھايۋانى نەپسىمىزنى قاندۇرۇش، ئاندىن تاشلىۋېتىش بولدى. دېمەك، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ماھىيەتتە بىز ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دۈشمەنلىرىگە ئايلاندۇق.

بەشىنچى، قىزلىرىمىزدىكى كۆڭۈلچەكلىك، تەمەخورلۇق، ئىرادىسىزلىك، نادانلىق بىلەن بىرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك، نېمىنىڭ ھەقىقىي ھۆزۈرلىنىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

«قىزلىرىمىز مىللەتنىڭ غۇنچىلىرى، ئانا بولغۇچى مۇبارەك كىشىلىرىمىز. ئەگەر ياشلىرىمىز قىز

قېرىنداشلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ بولغۇسى ئانىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ «لەززەت»، ھېس قىلىدىغان بولسا، بۇ مىللەت «تۇخۇم» دىلا بۇزۇلغان مىللەتكە ئايلانماسمۇ؟! قىزلىرىمىز پۇل ۋە زەنجىرلىك ئۈتۈكلەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىپپەت سارىيىنى تاماكا «كۆلدانى» غا ئايلاندۇرۇۋالسا، ئۇلار مۇھەببەت، ئائىلە، ئانا ۋە چوڭ ئانا بولۇشتىكى پاكلىق، مۇقەددەس ئەقىدىدىن ئىبارەت بەختكە يەنە نېمىلەر بىلەن ئېرىشەر؟! ئائىلىلىك تۇرۇپ «ئىپپەت سېتىش ماگىزىنى»، ھەتتا گۇرۇھلاشقان «ئىپپەت سېتىش شىركىتى» ئاچقان ياش ئاياللار مىللىتىمىز گەۋدىسىگە داۋاملىق زەھەر قۇرتلىرى چېچىپ نېمە ھۇزۇر ئالار؟!» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 93 ـ يىللىق 2 ـ سان. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»).

ئويلىنىڭلار ياشلار، سىلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى، سىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىڭلار مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى. سىلەرنىڭ ئار ـ نومۇسىڭلار ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسى، سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى!

لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ئادەم گۆشى يېمىگەنلەر بارمۇ؟ بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!»

4

تار يۇرتۋازلىق ۋە مەھەللىۋازلىقمۇ بىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ھەم ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى «يۇقۇرسۇلۇق»، «ئالتە شەلىك»، «دولان» دىن ئىبارەت كەمسىتىش تەلەپپۇزى بىلەن ئۇلارنى مەنسىتمەيمىز، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايمىز. تاغدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى بولسا «تاغچىلار»، «سەھرالىق تومپايلار»، يېزىلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزنى «شوپۇر ساتتىلار»، «چەپەكچىلەر»، «قوڭغۇز يېدىلەر»... دەپ كەمسىتىمىز. ھەتتا شەھەر ئىچىلىك، ئالتۇنلۇق، تۆتكوچىلىق، يۇقىرى ئاقيەرلىك، ئارا ئاقيەرلىك، تۇرلۇق، دۆۋەجىنلىك، خاڭگۇڭلۇق... دەپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن زىددىيەتلىشىمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ مەھەللىسىگە بارغاندا «نوچىلىق قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتتۇڭ» دەپ جېدەل تېرىيمىز.

قايسىبىر يىلى شۇنداق جېدەلنىڭ بىرى بولۇپ، تۆتكوچىدىكى ئۇيغۇر بالىلار بىلەن يۇقىرى ئاقيەردىكى ئۇيغۇر بالىلار «سەن يۇقىرى ئاقيەرلىكنى بوزەك قىلدىڭ»، «بىز دېگەن تۆتكوچىلىق» دەپ توپلىشىپ جېدەل چىقارغانىدى.

بىزدىكى ئاجايىپ غەيرىي، ئادەمنىڭ كۆلگىسىنى كەلتۈرىدىغان يەنە بىر ئىللەت، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى قەدىرلىمەسلىك.

بىر قېتىملىق تەتىل مەزگىلىدىكى ئائىلىگە قايتىش سەپىرىدە مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقتۇم.

ۋاگونلار ئوقۇغۇچى بالىلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئورۇن تاپالمىغانلار ئۇ ۋاگوندىن بۇ ۋاگونغا ئۆتۈپ يۈرەتتى. مەن ئولتۇرغان ۋاگوندىمۇ ئەھۋال ئوخشاش بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن نەپەسلەر قىسىلاتتى. بىر چاغدا بىر ئۇيغۇر قىزى (دىققەت قىلسام، ئۇ قىز مەن بىلەن مەكتەپداش بولۇپ چىقتى) بىر خەنزۇ يىگىتى بىلەن بىللە باشقا ۋاگوندىن كەلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۇ قىز مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىلەن قاتتىق تاكاللىشىپ قالدى. بەلكىم ئورۇن تالاشقان بولسا كېرەك. ئۇ قىز خەنزۇچە سۆزلەر بىلەن ئېغىزىنى بۇزۇپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپلا كەتتى. ھېلىقى ئۇيغۇر بالا دەسلەپتە سەل مەڭدەپ قالدى. كېيىن ئۇ ئۇيغۇر بالىمۇ ئېغىزىنى قويۇپلىۋەتتى ھەم خەنزۇچە تىل بىلەن تىللىغىنىغا تويغۇزۇۋەتتى. «پاھ، بۇ قىزنىڭ ئاچچىقى خەنزۇچە كېلەمدۇ ـ نېمە؟» دەۋەتتىم ئىچىمدە.

دېمىسىمۇ بەزى ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئۆزئارا خەنزۇچە سۆزلىشىش مودىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا ئىلمىي قارىغاندا، خەنزۇچە ئۆگىنىش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش، بىراق، بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى چوڭ كۆرسىتىش، ئۆزىنى ئاللىكىملەردىن يۇقىرى قويۇۋېلىش، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتلىك، باشقىلارنىڭ مەدەنىيەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قالتىس، باشقىلارنىڭ پەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۆزلىشەمدىغاندۇ؟ بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، نادانلىق، ساختىپەزلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلنىڭ بۇزۇلۇشى، تىلنىڭ يوقىلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

تىل ـ مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ تىلشۇناس ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرالماي ئاۋارە، بىزنىڭ ئاشۇ «مەدەنىيەتلىك» ياشلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنى بۇزالماي ئاۋارە.

5

بىزدىكى يەنە بىر ئىللەت مەرىپەتسىزلىك.

بىرىنچى كۆرۈنۈش.

ۋاقتى: كەچقۇرۇن، ئورنى: تۆتكوچا «كۆكنۇر كىتابخانىسى». زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچلەر بىلەن كىتابخانا ئاچقان ئادەم تۇنجى قېتىم ئۈمىدسىزلەندى. كىتابخانىدا پەقەت ئىككىيلەن. جاھازىلاردىكى كىتاب - ژۇرناللار بويۇن قىسىپ قالغان. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىت بۇرۇقتۇملۇق. يولنىڭ قارشى تەرىپىدە قايناۋاتقان ماددىي مەئىشەت، مىزىلدىغان ئادەم، كاۋاپچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، لىق - لىق قۇيۇلۇۋاتقان هاراق - پىۋىلار، مەس - ئەلەسلەر. . .

ئىككىنچى كۆرۈنۈش.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۇيغۇرچە قىرائەتخانىسى، ئوخشاش هالەت، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلار جاھازىدا شۇنچە غېرىپ - مىسكىن.

خەنزۇچە قىرائەتخانىدا ئەھۋال باشقىچە. . .

ئۈچىنچى كۆرۈنۈش.

شىنخۇا كىتابخانىسى، يەنە شۇ هالەت. ئېزىپ - تېزىپ كىرىپ قالغان بىر - ئىككى ئادەمنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەرنىڭمۇ تەقدىرى ئوخشاش. . .

ھەممىگە مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشى، كۈچلۈكلەر قاتارىغا ئۆتۈپ، ئىلغار مىللەت بولۇشى ئۈچۈن مائارىپ ئاساس. قايسىبىر مىللەت ۋە دۆلەت مائارىپقائېتىبارسىز قارايدىكەن، ئۇ مىللەت ۋە دۆلەت هالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھالەت كۈچلىرىنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇشى بىلەن نەچچە ئون يىل مائارىپسىز قالدۇق. ئۇ چاغلاردا مىللەت ئۈچۈن سوققان يۈرەكلەر ئاز - تولا چۇقان سالغان بولسىمۇ، ئېچىنىشلىق تۈردە بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. خۇددى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرىدا:

پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ هاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

ئويغىنىپ كەتتى جاهان مەغرىبى - مەشرىقا تامام.
مەن تېخى سۈت ئۇيقىدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر
هالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن؟

نىل - هاقارەت، تەنە - دىشۋار، ۋاي دات!. بۇ جاننى قىيىندى،
ئەمدى نەقىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن.

دەۋر جەبرىدىن ئىست! هالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن!

- دەپ سۆرەتلەپ بەرگىنىدەك، مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1949 - يىلىدىن كېيىن مائارىپ بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، «سولچىللىق» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ كاساپىتىدە يەنە قالاقلىقتا تىقىلدۇق. دېمەك، بىز يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جاهالەت ۋە نادانلىقتا ئۆتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ نېمىشقا هوشىمىزنى تاپمايمىز؟

بىزدە يەنە ياچىبەگ كىم؟ تۆمۈر خەلپە كىم؟ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىم؟ دېسە، «ئۇلار قانداق ئادەملەر ئىكەن، بىرنەرسە كەشىپ قىلىپتىمۇ؟» دەپ ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان سوئاللارنى قويىدىغان ياشلىرىمىز بار.

سەن ئۆز مىللىتىڭنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى، 30 ، 40 - يىللاردا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنى، قايسى مۇناپىق، قايسى ئەل ئوغلى، بۇلارنى بىلمىسەڭ، سەن نېمەڭ بىلەن ياشايسەن؟ پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادىڭ، ئۆكۈنگۈدەك ئىللەت. ئادەتلىرىڭنى بىلمىسەڭ، سېنى نېمە دېگۈلۈك؟

«مائارىپ ئارمىيىدىنمۇ مۇھىم» دەيدۇ، گېرمانىيىلىك بىر مۇتەپەككۇر. دەرۋەقە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەسلى مەقسىتى، ماھىيىتى ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتامدۇ - قانداق؟ ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز بولغۇچىلارغا قويۇلغان تەلەپ ۋە شەرت بەك تۆۋەنمۇ - قانداق؟ . . .

ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئۈچ خىل كەسىپتىكى ئادەملەر ئالاھىدە هۆرمەتلىنىدىكەن. بىرى ئوقۇتقۇچى، بىرى دوختۇر، يەنە بىرى ئادۋوكات. لېكىن مۇشۇ خىل كەسىپلەرگە كىرىشنىڭ شەرتلىرىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇشكۇل ئىكەن.

بىراق بىزدىچۇ؟ ئەقەللىي ئوقۇتقۇچىنىلا ئالايلى، ئالى

مەكتەپ نەتىجىسى ئەلا بولۇپ پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ.

بىلىڭ، مۆھتەرەم ئوقۇتقۇچى، سىز مىللەتنىڭ يۈرىكىنى سوقتۇرۇۋاتىسىز!

ئويلىنىڭلار ياشلار، دۇنيا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ جەمئىيەت نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ مىللەت نېمە غەمدە، سىلەر نېمە غەمدە؟ سىلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسى، سىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىڭلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى، سىلەرنىڭ ئار - نومۇسىڭلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئار - نومۇسى. سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى. لۇشۇن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ئادەم گۆشى يېمىگەنلەر بارمۇ؟ باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!»

## خاتىمە

«ئۆزىنى تونىغان، خۇدانى تونۇيدۇ» بۈگۈنكى دەۋرنىڭ چاقى 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېتىۇ. مۇشۇنداق ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەسىر ۋە يېپىپېڭى ئىرا ئالمىشىدىغان ھالقىلىق پەيتتە، بىزنىڭ روھىي ئىللەتلىرىمىز مانا كۆز ئالدىمىزدا تاشلىنىپ تۇرۇۋېتىۇ.

مەن مۇشۇنىڭ بىلەن ياشلىرىمىزنى تىللاپ پۇخادىن چىقىۋېلىش ۋە ياكى ئىچىمنى بوشىتىپ، ئۆزۈمگە تەسەللىي تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقى پەن - مەدەنىيەت، سان - سۈپەت جەھەتتە ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئويقۇدا ياتقان ياشلىرىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە ئاز - تولا تۈرتكە بولار، پايدىسى تېگەر، دېگەن نىيەتتە ئەتراپلىق بولمىغان بۇ ئەسىرىمنى يېزىپ چىقتىم.

ئەلۋەتتە، يۇرتىمىز ئەزەلدىن كاتتا ئادەملەر، قەھرىمان، ئالىملار چىققان ۋە چىقىۋاتقان جاي. ئۇلار ئەزەلدىن خەلقىمىزگە بايراقدارلىق، ئۈلگىلىك رول ئويناپ ۋەتىنىمىزگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە قوشۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيىدە ئوقۇپ فىزىكا يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ئەنۋەر ئابدۇللا، خىمىيە كەسپىدە ئوقۇۋاتقان مەھمۇد ئابدۇللا، ياپونىيىدە خىمىيە كەسپىدە ئوقۇپ، يېقىندا شياڭگاڭدا «جىسىملارنىڭ كرىستاللىق تۈزۈلۈشى ھەققىدە» دېگەن كىتابى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مول بىلىملىك ئابلىز يىمىت ئاكا، بېيجىڭدا فولىكلورلۇق كەسپى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئەسەت سۇلايمان، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىكلىكى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە شان - شۆھرەت قازانغان تالانتلىق ياش رەسسام ئابدۇشۇكۇر كېرەم، رەشىدە ئېلى، گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان ياش رەسسام مەرۋايىت ھاپىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ياش كارخانىچى ئەخمەت تۆمۈر ئاكىلار، تەنتەربىيە ساھەسى گۈلەڭگۈچ تۇرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئامىنە، گۈلشەدەم... قاتارلىق تالاي - تالاي ئالىملىرىمىز، رەسساملىرىمىز، تەنھەرىكەتچى چېمپىيونلىرىمىز بىز ياشلارنىڭ پەخرى، يۇرتىمىزنىڭ گۈلتاجىلىرى، بىزنى ئۈمىدكە، كەلگۈسىگە باغلايدىغان بىباھا گۆھەرلىرىمىز. ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېپىپېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ روھىي ئىللەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئىلىم - پەنگە، يۇقىرى ئىلغار مەدەنىيەتكە، كەلگۈسى بەخت - سائادەتكە يۈرۈش قىلىدىغان ياشلىرىمىز كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. مىللەتنىڭ ساپاسى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ياشلىرىمىز چوقۇم چىقىدۇ.

تەھرىرى: نەمەت ناسىر



ئوسمان قاۋۇل

# ئېۋىرغولدا ئېرىدى جىسمىم

(نەسىرلەر)

## ئاۋغۇستتىكى راھەتباغ

راھەتلىكباغ، پەزىلەتلەر ماكانى ئۆزۈڭ! يايرىدىم باغرىڭدا ئەندىشىلەردىن بولۇپ مەن يىراق. چۇرۇقلاپ سايرىدى قۇشلىرىڭ، شەرىپىمگە كۈلۈپ ھەممە ۋاغ. كۆزلىرىدىن مېھرىنىڭ ساماۋى شولىسىنى چېچىپ مۇڭلىنىپ ماڭا شەربەت بەردى ئۇماق مىڭ بۇلاق. ئۆرتىنىشلەردىن بېلى ئېگىلگەن، قەدىمىي سۆگەتزارلار چىرمىشىشلاردا بولدى مۇستەغرەق. ھەي، سەن ئەزىز ماكان، بويلىرىڭ چەشمە - زىلال، خۇيلىرىڭ ئەجەب پاك ۋە ھالال.

يۈرەكلەرگە ئاراملىق بېغىشلاپ جىمىلىق ۋەسۋەسىدە ئۆرتەندى يۈكسەك ئارمانلار، جىمىلىقنىڭ ھەيۋەتلىك تىلاۋەتگاھىدا روھ كەلكۈنلىرى بولدى تۈيغۇ چاڭقاقلىقىغا ئىلاھىي ساي؛ سۆھبەتلەرنىڭ پىنھان ئىشكلىرى بىلەن ئۇچراشتى قاغجىراق نۇرلار، يۇيۇندۇرۇپ چىلان رەڭ تەن تەكشىلىكىنى.

يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىن ئېقىپ چىققان سۇزۇك تارامىلار ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ قارايدۇ نىجادلىق دەپ، قۇشلارغا ئىللىق ماكان بولغان تالزارلاردا بىر ئىچكى تەلپۈنۈش ھۇۋۇلدايدۇ ئىزدەپ تەسەللىي. كۆز چاڭقاقلىقى بىلەن مەنىۋى ئېچىرقاش گىرەلىشىپ تالايدۇ بۇ دىيارنىڭ مەئىشىتىنى.

غايىۋى بىلەكلىرىنى كۆككە سوزۇپ تىلەيدۇ دەستىگاھلار توقۇنۇشلارغا زاۋاللىق. ئۇ يەردە كاھىشلار يالتىرار تارىخنى سۆزلەپ، بۇ يەردە بۇقۇلدايدۇ نالىلىق پاختەك، توزغۇپ كەتكەن چاڭگىسى ئۇچۇن بولۇپ پايىپىتەك. سويۇلغان تاملاردىن چاچرايدۇ يىلىنىشلار كۆڭۈللەرنىڭ ھەسرەتلىك چوڭقۇرلۇقىغا. چوقچىيىپ نامايان قىلار ئۆزىنى راھەتلەرنىڭ كۆزلەردىكى ئۇچىنچى سايىسى. سالام بېرىشكە تەرەددۇت ئەيلىگەن جىمى ياپراقلار كۆرگەن ھامان قېتىپ قالار شەپەق كۆڭلەكنى. يىلىنجاپ تۇرغان چوغ چاچراندىلىرى يۈرۈشەر يۈرەكسىمان يالقۇنجاپ شەھەر مەيدانلىرى ئارا، ئۇندا يەلپۈپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرار ئۆزىنى بولۇپ شاھادەتلەرنىڭ ھال رەڭ تاجىسى.

ھەي، سەن ئەجەب سۆيۈملۈك دىيار، ئايلىنىپ كۆز ئالمامدەك نامايىش ئەيلەيسەن سەلتەنىتىڭنى:

سېخىلىقتا راھەتباغ سەن گوياكى ھاتەمدەك،
بولدۇڭ ياكى باغرىمدا كۆلگەن جىگەر - پارامدەك.
ماشايىخ بوپ كۆرۈندى ھەر كىشىگە تۇپرىقىڭ،
قۇچاقىڭدا ئۆتتى ھەم تالاي چاغلار ئايەمدەك.

## مەن - ياپراق

مەن بەرگىسىز يېگانە ياپراق.

يالتىرايمەن يەرگە چۈشكىچە مايقوڭغۇزنى ھەيرەتكە سېلىپ. قۇياش نۇرى تىكلىشىپ جاھاننى كۆيدۈرگىدەك ئىسسىق ھەممە يەرنى يالمىغاندا مەن مايقوڭغۇزنىڭ يالتىراق قاناتلىرىنى چۈشەپ بەرگىمدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدىم. ئەتراپىمدا مارجاندەك چىلانلار چىرايلىق كۆز مونچاقلارغا ئايلىنىپ سەپىرىمگە ئاق يول تىلىدى. قايناق ئىسسىق تەپتىدە مەڭزىم تېخىمۇ جۇلالاپ ھەممىنىڭ نەزەرىنى ئۆزۈمگە ئاغدۇردۇم.

كىشىلەر قاپاق سۈيىنى ئىچىپ يۈرىكىنى سۇغارغاندا مەن چاڭقاقلىقتا سەما بولۇپ قانىتى زەخىملەنگەن بىچارە كېپىنەك سىياق يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم. كۆزلەرنى ئالا - چەكمەن قىلغۇچى ھەربىر مۆجىزە جىمىلىقتا چۆمگەن، قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ دەھشەتلىك تومۇز تەپتى ھەممە يەرنى قارنىغا يۇتقاندەك ئىدى..

خىيالىمدا پەقەت يوقالماس قارادۆۋىنىڭ ئۆزگىچە تارىخى، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك شۇنداقلا ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى، ساددا دېھقانلارنىڭ مېھنەت ۋەجى ئېگىلگەن قەددى ۋە بوۋايلارنىڭ يىللار سىناقلىرىغا گۇۋاھ ئۆچمەك ساقاللىرى نامايان ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرى ماڭا ئاغدۇرۇلمىسىمۇ، كۆڭۈل كۆزى بىلەن ئۆز تۇپرىقىغا

ئاپىرىدە بولغان يىمىرىلمەس چىلان يوپۇرمىقى. مەن ئۇلارنىڭ بارلىق قىياپىتىنى مەڭزىمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇردۇم. چۈنكى، مەن بۇ خاسىيەتلىك ئەزىز ماكانىنىڭ يالقۇنلۇق تارىخىغا شاھىد بىر يارقىن ۋاراق ئىدىم.

مېھرىبان ئانىلارنىڭ تەۋەززۇلۇق سالاملىرى، سۇمبۇل چاچلارنىڭ بىر تەكشى سىلكىنىشلىرى، سۆڭەكلىرى قاتقان ئىشچان ئەرلەرنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى تاغلارنى ھەس ـ ھەيران قىلغۇچى بىر مۆجىزە سىياق ئالدىمدىن ئۆتكەندە، مەن يەنىلا يېنىك تەۋرىنىپ، ئانا يەر باغرىغا چۈشۈۋاتاتتىم. چۈشۈشلىرىم شۇنچە سىلىق، شۇنچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن داۋام قىلاتتىكى، بۇ قۇتلۇق ماكانىنىڭ كۆكسىگە قاتتىقراق تېگىپ كېتىشىمدىن، مېنى يېتىشتۈرگەن بۇ مۇنبەت زېمىننىڭ ئوتلۇق باغرىدىكى ئىشقى يالقۇنىغا بەرھەم بېرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيتتىم.

قۇياشقا تېۋىنىدىم. ئۇ گويا مېنىڭ بەرگىمدىن، ۋاقتسىز ئايرىلغىنىمغا قىيمىغاندەك كۆزىنى قىسىپ ماڭا ھەسرەت بىلەن باقاتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئانا قۇياشنىڭ ماڭا، ياق بۇ زېمىنغا بولغان مېھرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

ئاۋغۇستنىڭ يالقۇنلۇق ئاپتىپىدا تاۋلاندىم، غەملەرنى ئۇنتۇپ. سەن بولغاچقا ئەي قارادۆۋە، مۇڭلۇق مۇقامىڭ كەبى ئەستىلىكلەر ساقلىنىدۇ قۇچاقلىرىمدا.

## سېھرىڭدە مەن، پىكرىمدە سەن

(قۇمۇل مۇقامچىلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

مۇقامىڭنىڭ سېھرىگە چۆمۈلۈپ ئۆزۈمنى يوقاتتىم. ئۇيقۇ بىلەن رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتىدا ئولتۇرۇپ دۇنيانى ئۇنتۇپ قالساڭ، سېھرىلىك تارلارنىڭ بەرقىدە ئۆزۈڭنى يېنىك ئەللەيلەنگەندەك ھېس قىلىپ سەرخۇشلانساڭ نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە؟

ئىككى تەرەپكە رېتىملىق تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىچكى ھاياجاندىن مەست بولغان كۆزلىرىڭنى يېرىم يۇمغان ھالدا يۈرەك بېغىشىمغا كامالچاڭنى تارتىۋاتىسەن. پۈتكۈل كائىنات سېنىڭ يۈرىكىڭدىن چىققان كۈيگە مەستانە بولۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا كۆز چانىقىدىكى سايرامدەك سۈزۈك تامچىلارنى ئېرىتىشقا ئامالسىز قالدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ساڭا ئاپىرىنلار يېغىشقا باشلىدى. سەن بىر خىل مەغرۇرلۇق ئىلكىدە مەست ئىدىڭ.

كونا كىتاب ـ سالنامىلارنى ئاقتۇرسام ھەززىتى ئەلشىر نەۋائى زامانىدا مۇشۇنداق مۇقاملىق ئولتۇرۇش، سورۇن ـ ئەنجۇمەنلەر تازا ئەۋج ئالغانىكەن. ئەتراپتا شائىرلار، سازەندىلەر چىرايلىق سەللە ئورالغان باشلىرىنى سىڭايان قىلىشىپ، مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى يوقاتقان ئاۋامغا ئوتلۇق غەزەللەرنى ئوقۇپ، ئەڭ نازۇك ئىچكى سېزىملارنى ئويغاتقۇچى ئۆلمەس كۈيلەرنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن. ئۇلۇغ ھەززەتمۇ كۈيلەر ئەۋجىدە مەست بولۇپ ئولتۇرۇپ دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان غەزەللەرنى پۈتىدىكەن ۋە ئۇنى يېقىملىق تەمبۇر ساداسىغا كەلتۈرۈپ ئاجايىب بالاغەت بىلەن ئورۇندايدىكەن. كەچلىرى ئاڭا سۆيۈملۈك تەمبۇرى ھەمراھ ئىكەن. ئالدىدا قەدەھكە لىق تولدۇرۇلغان خۇش بۇي شاراب، مېغىز، بادام، مۇراببا، ئۈستىدە سانسىز يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئۇنىڭ تېگىدە شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىۋاتقان قويۇق باراڭ. ياندا ئېقىۋاتقىنى جانغا ئاراملىق بېغىشلايدىغان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ، بىر چەتتە «خەمسە گەنجۇۋى»، بۇ بىر ياقتا پىل چىشىدىن ياسالغان ھىندى شاھمىتى... ئەپسۇس ئۇنى يەنىلا مەست ئەيلىگىنى قولىدىكى تەمبۇرنىڭ سېھرىلىك كۈيى. ئاھ، خىيالىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغىنى ئۇنىڭ قەلبىنى بىر ئۆمۈر ئۆرتىگەن سۆيۈملۈك جانان... شۇنداق قىلىپ، ساناقسىز تاڭلار ئېتىپ كېتىدىكەن. سەھەردە قارىغۇدەك بولسا، تەمبۇرنىڭ سەدەپتىن قىممەتلىك كۆزلەر قويۇلغان نەقىشلىك دەستىسىدە بۇلبۇل قان قۇسۇپ ئولتۇرغان. ئاھ دېگەنچە شائىر كېتەر ئىكەن ھوشىدىن...

خىيال دىلبىرىنىڭ قوچىقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتىم. جاھاننى تىترەتكەن مۇقامىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاھ! ـ دەۋەتتىم شادلىقتىن. نەۋائىنىڭ روھى خۇش بولدى بۈگۈن يەنە بىر. ھەر ئۆزگىرىش ئېلىپ باردى مېنى يوقلۇققا، ئۆزگىرىشتىن ـ يوقلۇقتىن تىترىدىم دىر ـ دىر.

ئاھاڭىڭدا چوغ بولدۇم، ئۆرتەندىم، كۆيدۇم،<br>
ئاھاڭىڭدا ئەقلىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم.

## ئۇنتۇپ كېتىلىش

مەن باغرىڭغا ئاياغ باسقاندىن بۇيان، كائىناتقا سەپەر قىلغان ئالەم ئۇچقۇچىسى كەبى ئۇنتۇپ كېتىلدىم. نە سانسىز يۇلتۇزلار، نە يالقۇنلۇق قۇياش ئىكەنلىكىم ئېڭىمدا زاھىر بولماي قالدى. گويا قۇرغاق ئېقىندىكى قاقشال

سۆگەتتەك مۇڭلىنىپ، يۈرىكىمنى باغرىڭغا تاپشۇردۇم. كۆرۈۋال يۈرىكىمنى ئەمدى تۇپرىقىڭنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن. سۆيۈۋال شاماللىرىڭنى لەۋ قىلىپ ئوتلۇق مەڭزىمدىن.

پەقەت سېنىڭ ئاپتىپىڭدا قالمىسۇن بۇ يۈرىكىم قاقتەك قۇرۇلۇپ، سوغۇقلىرىڭدا توڭمىسۇن بىر تەنھا قۇشقاچ بولۇپ. سەن باھارنىڭ تۇنجى سەلكىنى ئەسكەندە سىمايىمنى كۆرۈۋال ئۇندىن. كۈزنىڭ تۇنجى قىراۋىسى يېپىلغاندا باغرىڭغا مەھكەم ئورىۋال ئۇنى. دەھشەتلىك بورىنىڭ قوملارنى ئۇچۇرۇپ كەلگەندە، سەن، قوينۇڭدا مېنىڭ بار ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇما. زېمىننى قېلىن قار قاپلاپ ھەممە ياق مۇز دۇنياسىغا ئايلانغاندا، ئۆز تېنىمدىن يالقۇن چىقىرىپ سېنى ئىسسىتىۋاتقىنىمنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

ھېچبولمىسا ھارغىن پويىزلار ئېغىر پۇشۇلداپ ۋوگزالغا كىرگەندە، خىيالىڭنى جەملەپ مېنى ئويلاپ قوي، ھەي سەن ئوتلۇق ماكان.

ناخشىلىرىڭنىڭ ھەر ئودارىدا مېنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرىم بارلىقىنى ئەستىن چىقارما. مەن پەقەت ئاشۇ ئۆلمەس ناخشىلىرىڭ بىلەنلا سېنىڭ باغرىڭغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كەتكەنمەن. مەيلى تۈن پەردىسى زېمىنغا يېپىلىپ ئەلياتقۇنىڭ تۇنجى بەلگىسى كۆرۈنگەندە بولسۇن، مەيلى شەھەر مەزىنلىرى مۇڭلۇق ئەزان ئېيتىپ كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقاندا بولسۇن، مەن يەنىلا سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئەركىلەپ ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېسىڭگە سالىمەن.

شۇنداق قىلىپ مەن ئارزۇ قىلغان ئاخىرقى دەقىقە خۇددى ئېرىنچەك ۋاگونلاردەك رېلىسلاردا ئاستا سۆرىلىپ، مەن تەرەپكە سىلجىيدۇ. پەقەت ئۇنىڭدا سەندەك توختاشقا بەلگىلەنگەن 12 مىنۇت ۋاقىت بولغاچقىلا ئۇ ماڭا شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. مەن شۇندىلا سېنىڭ مېنى باسقان ئىسسىق باغرىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقىنىمنى ھېس قىلىمەن. شۇندىلا ئۇنتۇپ كېتىشلەرنىڭ ھەسرىتىنى بىردەملىككە ئۇنتۇپ قالغاندەك بولىمەن خىسلەتلىك ماكان!

## ئېھ، ئېۋىرغول

ئېۋىرغول!

سەن بىر بۇلاق، مىڭلىغان بۇلاقلار ئىچىدىكى، سۈيىنى تېخى ھېچكىم ئىچمىگەن. ئىچەرمىز ئەمدى مەڭگۈ تەشنالىقتا قىيامەتكىچە بولۇپ ساڭا پاسىبان ۋە بويۇڭدىكى گۈللەرگە سادىق بوپ ئەبەد.

سەن بىر چىمەنزار، تەبىئەتنىڭ بارلىق كارامەتلىرىگە تويۇنغان، سەيلە قىلارمىز ئەمدى بويلىرىڭدا ئۇنتۇپ جاھاننى، شىلدىرلىغان ئېرىقلىرىڭدا ئۈزەرمىز بولۇپ ئۇلۇغ خىسلىتىڭگە دىلدىن ئاشىيان.

مۇقامسەن كۈيلەر ئەۋجىدە ئۆزگىچە تۇرقۇڭ بىلەن جاراڭلاپ تۇرغان. ئاڭلارمىز ئەمدى، ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كۈن - تۈن. چۈنكى بىز سېنى ئەلمىساقتىن ئاڭلاپ باقمىغان. ئاڭلارمىز مېھرىمىزنى تۆكۈپ باشقىدىن بۇ جاھاندىن خوشلاشقۇچىلىك...

ئېۋىرغول!!

سەن مومايلارنىڭ سىرلىق چۆچىكى، ئېيتسا - ئېيتسا تۈگىمەيدىغان. نەۋرىلەر سېنى ئاڭلاپ بولدى نەۋقىران. سەن جاراڭلاپ تۇرسەن ئاڭلاردا ھەرئان.

سەن بىر تاتلىق ئەسلىمە، دىلنى ئۆرتىگەن. بىراق ھېچكىم تېخى سېنى ئەسلەپ باقمىغان. ئەسلەرمىز شېرىن چۈشلەرنى ئەسلىگەن كەبى. چۈنكى كۆڭۈل تەختىدە سەن ئۆزگىچە سۇلتان.

سەن ياسالمىغان بىر يول تېخى ئويقۇدا. ماڭارمىز ئاڭ گىرۋەكلىرى تويۇنغاندا سەن ھەتتاكى تالماس خىيالغا ۋە بەلكى تۇنجى ئايىغى چىققان ماڭا ئوخشاشلار ئاخىرى توكۇلداتقىچە ھاسىلىرىنى...

ئېۋىرغول!!!

سەن تۇلپارلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان ئۇركېستىر، تېخى سېنى ھېچكىم چېلىپ باقمىغان. چالارمىز ئەمدى گەۋدىلەر پۈكۈلۈپ، كۆزلەرنىڭ نۇرى ئاجىزلاشقۇچە يىغلاپ يا كۈلۈپ.

سەن تارىخىي ئېپوس، مەشرىق تامان كۆكلىگەن. ئوقۇمىغان تېخىچە ھېچكىم سەندىن قىسسىلەر. ئەمدى تىنماي ئوقۇيمىز سېنى سۆيۈپ ئەي پەدەر.

سەن تەشتەكلەردە ئېچىلغان رەيھان. پەرۋىش قىلارمىز ئانىلارنىڭ مۇقەددەس تېنى كەبى ھۆرمەتلەپ...

## ئاقتاش رىۋايىتى

مەن قاتمۇ قات تاغلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۆككە بوي سوزغان ساناقسىز قارىغايلارنى قانماي تاماشا قىلىپ، مەخمەلدەك يايلاقتا يېتىپ كەلگىنىمدە قۇياش تىكلىشىپ تەبىئەتكە ئالقىش ياڭرىتىۋاتقاندى. شۇ چاغدا خىيالىمغا تېخى

ھېچكىم بىلمىگەن مۇنداق بىر رىۋايەت كېلىپ قالدى:

بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە زۇمرەتتەك بىر كۆل بولغانىكەن. ئەتراپىنى يېشىل قارىغايلار ئوراپ تۇرغاچ كۆل شۇنچىلىك سۈزۈك ئىكەنكى، گويا بىر پارچە پاكىز ئەينەكتەك يالتىراپ كۆرۈنىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ كۆلگە ئاپئاق پاختىدەك بىر جۈپ ئاققۇ كېلىپ چۈشۈپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار خۇددى ئەپسانىلەردىكى گۈزەل پەرىشتىلەردەك بۇ يەردە گاھى قوغلىشىپ، گاھى قاناتلىرىنى ھاياجان بىلەن سىلكىپ بەختىيار ياشاشقا باشلاپتۇ. ئەتراپتىكى قارىغايلارمۇ قاتمۇ قات چوققىلارنىڭ مەغرۇرلۇقىدەك قىياپىتى بىلەن بۇ پىنھان ماكانغا پاسىبان بوپتۇ. كىم بىلسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاققۇلارغا بىر رەھىمسىز ئوۋچىنىڭ قارا مىلتىقى بەتلىنىپتۇ. ئاھ، دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن ئاققۇلارنىڭ بىرى تىك موللاق چۈشۈپتۇ - دە، شۇ ھامان جان ئۈزۈپتۇ. رەھىمسىز ئوۋچى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئاققۇنىڭ جەسىتى مانا بىز كۆرۈپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بىر ساماۋى تاشقا ئايلىنىپ قالغان. ئاققۇنىڭ يەنە بىرى بۇ ئېغىر جۇدالىق تۈپەيلى ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ جۈپتىنىڭ جەسىتىنى ئەگىپ پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇ پەرياد كۆتۈرگەنچە ئۇنىڭ روھى بىر پارچە غايەت زور ئاق بۇلۇتقا ئايلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئاقتاش ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگۈدەك. . .

تاش، ئاققۇ ھەققىدىكى بۇ ئاجايىپ رىۋايەتنى يېزىۋاتقىنىمدا يۈرىكىم تېنىمسىز ئېغىپ كۆزلىرىم تورلاشقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىق قەلب قەسرىمدە ئۈزلۈكسىز چۇقان كۆتۈردى. ئاھ، نەقەدەر گۈزەل شۇنداقلا ئېچىنىشلىق ئەسلىمە - ھە؟

ئەتراپقا قاراپ ئۇزاق خىيال سۈردۈم، ھەممە ياق يېشىلچىلىق، قارىغايلار يەنىلا شۇ مەغرۇرلۇقى بىلەن بۇ يەرنى قورۇقداپ تۇرۇپتۇ. قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئوتلاقنا تەكشى سېپىلىپ، مەيىن تاغ شامىلى ۋۇجۇدلارنى سۆيمەكتە. كۆڭلۈمدىكى غەشلىك تۇمانلىرىمۇ شۇ سەلكىن شامالنىڭ شاراپىتى بىلەن ئاستا - ئاستا تەسكىن تاپماقتا.

ئېھ، ئاقتاش. سەن نەقەدەر سىرلىق ماكانسەن؟ قوينۇڭدا ئۆسكەن ھەر گىياھ، ھەربىر تال گۈل كىشىگە چەكسىز گۈزەللىك ھېسسى ئاتا قىلىدۇ. چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ. سەن تەڭرىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك زېمىنغا چۈشۈرگەن نۇرلۇق ئەڭگۈشتەرسەن. چاقناپ تۇرغان ئاقتاش گويا ھازىرلا ئۇچۇشقا ئىنتىلىپ تۇرغان ياردار ئاققۇدەك كۆككە تەلپۈنۈپ تۇرار. سەن ھەقتىكى گۈزەل قىسسىلەر يۈرىكىمنىڭ تېگى - تېگىدىن ياڭرار، سەن خىسلەتلەر ئاتىسى، سەن ۋاپادارلىق رىسالىسى، سەن سۆيگۈلەرنىڭ نۇرلۇق ئابىدىسى، سەن قاتقان ئەسلىمىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشى، سەن قۇدرەتلىك سۆيگۈلەر ئالدىدا مەڭدەپ قالغان يۈرىكىمنىڭ خىرستال قېپى. سەن قەلبىمنىڭ ئىللىق قاتلاملىرىدا ساقلىنىسەن ئەبەد شۇ پېتى.

گەرچە مەن ئاقتاش يېنىدىن قايتساممۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تەقدىم ئەتكەن ھارارىتى خېلى ۋاقىتچە سوۋۇمىدى. كۆزلىرىمگە ئۇلاشقان ھىجران يېشىمۇ قىلچە ئۆكسۈمەستىن كۆز چانىقىمدا قېتىپ قالدى. خىلۋەت بىر ئۆكسۈش گويا ئاشۇ سۈزۈك تاشنىڭ قاتلاملىرىدەك ئاستا - ئاستا قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىقتى - دە، كۆز ئالدىمدا مىڭلىغان سىرلىق سوئاللاردەك زاھىر بولدى.

ئەي گۈزەل تاش، ئاققۇ، ساڭا بىر سېھرىي ئەپسۇن ئوقۇسام قايتا تىرىلەرسەنمۇ؟ يەنە شوخلۇق بىلەن قانات قېقىپ ئاقتاشتا باشقىدىن پەرۋاز قىلارسەنمۇ؟ شۇ سۈزۈك تۇرقۇڭ بىلەن كۆڭۈل ئاسمىنىمغا ئۈمىدلەردىن پەي تاشلارسەنمۇ؟

ئوسمانجان زاھىر

# سۈكۈتنىڭ سىرى

(نەسىرلەر)

سەن سەھەرنى شېرىن چۈشىدىن لويغىتىپ يېتىپ كەلدىڭ. ئۆتمۈش سېنى مەردانە ۋە يالغۇزلۇق تەنھالىقىنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ جىمجىتلا ئۆزاپ كەتكىنىدە سەن يەنىلا ھېسسىياتچان ياشلىرىڭنى تۆكۈپ ئۈنسىز خىيالغا چۆككەن. سەن دائىم- ئاڭلايدىغان رىۋايەتلەرمۇ ئەمدى مەڭگۈ ئېيتىلمايدىغان بولۇپ قالدى. كېچە تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۆتمۈش ساھىلىدىن تىزىپ كەتكەن كەچمىشلىرىڭنى تېرىپ كەلسەڭمۇ ئۇ ھامان ئاللىقاچان ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن بالىلىقىڭغا قايتۇرالمايدۇ. جىن چىراغدەك غۇۋا نۇر چېچىۋاتقان ھالسىز ئېتىقاد قەلبى ئۆز ئەركىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرىدا جىلۋە قىلماقتا. شائىر ئاقىۋەتتە ئۆز تەنھالىقىنىڭلا مەڭگۈلۈك بەخت ئاپىرىدە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. سېنىڭ قىممىتى قالمىغان بەختىڭنى ئىزدەپ ئەقىدەڭنى گۇمران قىلغان چېغىڭ ئۆز ھەقىقىتىمنى ئىزدەپ بەختسىز ئادەملەر ئارىسىدا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان چېغىم ئىدى.

ئىسلىشىپ كەتكەن كۆرۈمسىز كەپە. . . ئۆز رېئاللىقىنى قوبۇل قىلالمىغان تۇل موماي مۈشۈكنى باغرىغا باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ قەلبىدىكى سەبدە گۈلنىڭ ئاستا- ئاستا توزۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ يەتتى. ئۆز قورچىقىغا ئىسسىم قويۇپ ئولتۇرغان بالىنىڭ نارەسىدە تۇيغۇلىرىدا كۆرۈنمەس ھاياجان پارلاپ تۇراتتى. تۈگمەس چۆچەكلەر ۋە بىپەرۋا مۈشۈكلا ئۇنىڭ سىرداشى ھەم يۆلەنچۈكى ئىدى. بىراق رېئاللىق بەرىبىر ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتى.

ئۇ دېكابىرنىڭ تەشۋىشلىك بىر تۈنى ئىدى. ئازاب ۋە مەڭگۈلۈك تەنھالىق بىغ سورۇۋاتقان ئاۋازىڭ مەن ۋە سەنلا ياششىمىز كېرەك بولغان تىمتاس ئارالغا قاراپ پەر قاقتى. ئاللىقاچان ئۆز ھاياتلىقىغا ئىگە بولالماس بولۇپ قالغان پەسىل قۇشلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ھېسداشلىق ۋە يالغان سەممىيلىك بىزنى بەرىبىر قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. «ئېھ قۇشلار، سىلەر يېگانىلىق ۋە رايىشلىقىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى، ئۆتمۈشنىڭ سۇرلۇك جىنازىسى ئىچىدە تىرىلگەن ئىككىنچى ھاياتلىقىمىسلەر» ئەڭ ھەسرەتلىك ئېيتىلغان ناخشامۇ جىمجىتلىقنى بۇزالمىدى. تەنھالىق كۆرۈنمەس چاشقاندەك سۈكۈت ئىچىدە يېلىنجاۋاتقان تېنىمنى غاجىماقتا. كېچەمگە ئورۇنسىزلا سىغدىلىپ كىرگەن ھاياسىز كۆزلەر گويا مىسكىن تەبەسسۇملىرىڭدەك مېنى شېئىر يېزىشقا قىستىماقتا. سەن ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭنىڭ ياش تۆكۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ يەتسەن. قەپەزدىكى قۇشقىچىڭ ۋىسالىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئىراق سەن ئەڭ گۈزەل چۈشلەرنى كۆرۈش شەرىپىدىن ۋاز كەچكىنىڭ يوق. مېنىڭ شۇ قىممىتى ئۈنسىز سەۋەنلىكىمنىڭ ساڭا ۋە ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئازابىغا بەس كېلىش قىيىن. شائىر دوستۇم ئىيولنىڭ يامغۇرلۇق بىر تۈنى قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئازاب ۋە ياشقا مىلەنگەن شېئىرلىرىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە شاھىد بولۇپ قالدى.

* * * * *

بۇ شەھەرنىڭ ئىشقىۋاز ھەسرىتى بارچە نەرسىلىرىمنى تارتىۋالدى. يالغان كۈلۈشنىڭ ھەم كۈرسى چۈشۈۋاتقان سەممىيەتنىڭ پاجىئەسى مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. كېچىنىڭ شاۋقۇنسىز پەسلىدە قەلبىمدىن ئاققۇ بولۇپ ئۇچۇپ ئۆتتۈڭ، قان رەڭلىك تاكسى ئىچىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى تۇتۇنغا ئايلىنىۋاتقان غۇرۇر. سەن كۈلسەن، ئاللىقاچان ئىشرەتخانىغا يول ئالغان قەلبىڭ ئارا بىر قىزنىڭ لاۋۇلداۋاتقان ھەسرىتى پەرۋاز قىلماقتا. قەدەملەر سوقۇشتۇرۇلماقتا. مەن يەنىلا ئازابلىنىشقا مەجبۇرمەن. بارا - بارا مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇياتچان ئوبرازىڭ، ئۆز پاكلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھەقىقەتكە ئېرىشەلمىگەن يۇمران ئەقىدە قەلبىمدە مەڭگۈلۈك جاراھەت قالدۇرۇپ كەتتى.

ئېرىشىش ۋە يوقىتىشنىڭ مەناسىز بوشلۇقىدا نامايان بولۇۋاتقىنى ئەسلىمىلەر ئىچىدىكى قاپقاراڭغۇ چۈش. شېئىرلىرىم ئىچىدىكى سەنلا ئۆز پاكلىقىڭ بىلەن مېنى تېۋىندۇرماقتىسەن. بۇ شەھەر قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالغان ئۈمىدسىز تەقدىرگە يەنىلا سۈكۈناتتىن ھەل بېرىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. سۇسلىشىۋاتقان ۋە يالىڭاچلانغان ئەقىدە

پاجىئەدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق ساداقەتنىڭ ئىماندەك پاكلىقى ئۈچۈن جۇلاسىز تون ئىچىدە خازان كەبى لەيلىمە قەلبىم. كۆزلىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، جىنايەتكار قارچۇقلىرىڭدىن لەپىلدەپ تۆكۈلۈۋاتقىنى ئاللىقاچان ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان رەڭۋاز تەبەسسۇم. ياش يامرىغان قەلبىڭدە كېزىۋاتقىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش شەربىگە قىيسايغان قېيىققا ئوخشاپ قالغان نۇرسىز ئەقىدە. ھىجران يالاپ كەتكەن لەۋلىرىڭدە جەۋلان قىلىۋاتقىنى ۋىسال ئۈپۈقىنىڭ جۇلاسىز قىرغىقىدىكى بىر تال ئاجىز گىياھنى ئەسلىتىدىغان گۈزەل خورسىنىش، ئەي ۋىسال ئۈچۈن ھىجران ياشلىرىنى تۆككۈچى، ئۆلۈم دەرياسىنىڭ ئاداققى شاۋقۇنلىرىدا ئۆزىنى يىتتۇرۇپ قويغۇچى سەرسانە قۇش!

* * * * *

رېئاللىق بەربىر رېئاللىق. ئېتىقادنىڭ جۇلاسىزلىقى، ھاراق سورۇنلىرىدا ئۆز سالاپىتىنى يوقىتىۋاتقان روھ قەلبىمدىكى يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە كۆرۈنمەس دەز پەيدا قىلدى. قەدىمي ئورمانلىقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ياۋايى ئاۋاز سۆيۈقلانغان شېئىرلىرىمغا بەرىكەت ئاتا قىلدى. يامغۇر سىمىلداپ چۈشمەكتە.

سېنىڭ تەنھالىقىقا كۆنۈپ كەتكەن يۈرىكىڭ يەنىلا بۇرۇنقى رىتىمدا سوقماقتا. ئۆزۈمنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىم سەۋەبلىك ئاچچىق ھاراقنىڭ ھىدىدا ئىسمىڭنى يادقا ئالدىم. لاتاپىتىڭگە قايتقىن دىلبىرىم. پاكلىق ۋە ھەققانىيەت ئورغۇشى زوررۇر بولغان لەۋلىرىڭ ۋە كۆزلىرىڭدىن ئۆڭۈپ كەتكەن سۇرۇخ ۋە سۈرمىنىڭ ئىزناسى ئۆچسۇن. بەلكى ئۆز ھالاكىتىنى ئىنكار قىلغان يۈرەكنىڭ ئاجىزانە بولسىمۇ جۇلالىق، نۇزۇگۇمنىڭ قىلىچ ئالدىدا چاقنىغان بىر تامچە يېشىدەك غۇبارسىز شەبنەم ياكى ئۇياتچان ئارمان يېلىنجىسۇن.

ئاخىرقى ھېسابتا بۇ تەنھالىقنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئىشىكىڭ ئالدىغا قەدەر سوزۇلغان چىغىر يولنىڭ يەنە كىملەرنىڭدۇر قەلبىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ چۈشەنچە ئېھتىمال نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشى مۇمكىن.

پۇل ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ كۆرۈنمەس يالقۇنىدا كۆيۈپ كەتكەن ئادىمىيلىكنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈشۈڭ كېرەك. قەلبىم جاراھەتكە تولغان شۇ جايدا گۈزەللىكنىڭ تاشقا ئايلانغان ھەيكىلىنى كۆرەلەيسەن. سارغايغان ناخشىلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. ئاشۇ خارابىلىققا يۈزلىنىۋاتقان ئۈنسىز تەلپۈنۈش بىزدىكى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك. مەن سۈكۈت پاياندازىغا دەسسەپ ئۈنسىز ھالدا ساڭا يېقىنلاشماقچى بولىمەن. بىراق سەندىكى ئۆزلۈك ۋە جەلپكارلىق كەچمىشلىرىمىزنى مۇمكىنسىز ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ساڭا ئاتاپ ئېيتىلغان ناخشىلار ھىجران ۋە ۋىجدان باياۋاننىڭ بۇرجەكلىرىدە ياشقا ئايلاندى. سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ مۇمكىنسىز لەززىتى ياغلىقىڭ كەبى كۆز ئالدىمدا پۇلاڭلاپ ناخشىلىرىمغا مەڭگۈلۈك ئاۋاز ئاتا قىلىدۇ. سېنىڭ دېرىزەڭ يەنىلا ئېتىكلىك. ئاشۇ كەچمىش بىخسىپ تۇرغان غېرىبانە چىملىق قەلبىمىزدە ئۆز جىلۋىسىنى يوقاتقان كۈنى تەكچەمدىكى ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلىنىڭ تەقدىرى سەھەر تۇماندەك تۇزۇيدۇ. سەمىمىيلىك ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ بەختىمنى خازان قىلغۇچى قاتىلغا ئايلانغانلىقى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. سۆيۈشنىڭ مۇمكىنسىز ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېغىنىش ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن. چۈشەنمەك ئىدىڭ، ئارمانلىرىمنىڭ ماڭا لەزىز ئىسەنكىرەش ۋە شېرىن قاباھەت قالدۇرۇپ كەتكىنىنى! بىراق مەن ئاشۇ ھالسىز ۋە بەختسىز جىن چىراغنىڭ نۇرى ئاستىدا يەنىلا ساڭا ئاتاپ شېئىر يازماقتىمەن.

* * * * *

پەقەت ۋە پەقەت ئازغىنە ئاسايىشلىق ئۈچۈنلا ئۆز غۇرۇرىدىن ۋاز كەچكەن باياۋاننىڭ زېرىكىشلىك سۈكۈتى...
ھەقىقەتنىڭ خازان كەبى چەيلەنگەن قىسمىتى ئۇنىڭ ئەۋرىشىملىكى ئەمما سۇنمايدىغانلىقىدەك نومۇسچان خاراكتېرى بىلەن باغلىنىپ قالدى. ئاق كۆڭۈل چۆچەكلەرنىڭ ساڭا بېرىدىغىنى كۆپ ئىدى. بىراق سەن زېمىندا تونجى بولۇپ ئازغان كىشىنىڭ ئاياغ ئىزى ساڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭ.
ئەي، يولدا تۇرۇپ يول تاپالمىغان نارەسىدە بالا!

ماھىيەتكە يېتىشنىڭ ئازابى سېنىڭ ناخشىلىرىڭغا ھەسرەت ئاتا قىلدى. سەن چەكسىز باياۋاندىكى قۇرۇپ قالغان يېگانە يانتاقنىڭ تىكەنلىرى ئۈچىدىمۇ شېئىر پارلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان كۈنى يوقاتقان بەختىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايسەن. قانتىنى كەڭ يايغان زۇلمەت ئۆز باغرىنى تېشىپ ئۆتكەن نۇرنىڭ شولىسىدا تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ئۆز پەلسەپەسىنى ئىسپاتلاش كويىدا چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن پەيلاسوپنىڭ چېھرىدە ئويناپ تۇرغان كۈلكىنى نېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟!

سەن رېئاللىقنىڭ پەقەت سەن ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، گۈللەرنىڭ ساڭا قاراپ

ئېچىلىدىغانلىقىنى، پەسىل قۇشلىرىنىڭ يۇمران قاناتلىرىدىمۇ ئىسسىق پارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئېتىز قىرلىرىدا ئۇيانچان چېھرىنى يوشۇرۇپ ئاۋارە بولىۋاتقان مامكاپلارنىڭ بەخت ناخشىسىدىمۇ نامىڭنىڭ زىكىر قىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالامسەن؟!

قۇرغاق ھاياجان ۋە رامكىلانغان يۈرەكنىڭ تەقدىرىگە چىداش مۇمكىنمۇ؟ قەلبى كۆلدانغا ئوخشاپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يوقاتقىنى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. پۇل ۋە مەشھۇر ئادەم بولۇش ئىستىكىدە قەددى يادەك ئېگىلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد زىياسىنىڭ بارا - بارا خىرەلىشىۋاتقانلىقىنى، قىرىغۇچە ئەر چىقمىغان رەسسام قىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىپتىدائىي ئۇرمانلىقتىكى ساددا، ھەققانىيەت ئۇرغۇپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ھالەتتە گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلەمسەن؟!

* * * * *

نەي ئاۋازى سىڭىپ كەتكەن قەدىمىي توغراق تۈۋىدىكى ئەزىم بۇلاق پادىچى بالىنىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى بىلەتتى. بۇ شەھەردە سارالڭ بولىۋېلىش ياكى تىلەمچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشلا ياشاشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى. گۈزەللىكنى دەپ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ ئۆتكەن ئادەم ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە قايچىلىنىۋېتىلگەن يۇلغۇن، توغراقلار ياشاشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

قىزلار قىملداپ يۈرگەن جەمئىيەتتە ھەممىلا نەرسىگە ئاياللىق ھەل بېرىلگەن. بۇگۈنكى كۈندە ساقال - بۇرۇت قويۇشمۇ ۋەھىمىدىن دېرەك بېرىدۇ. جاراھەت ئىچىدە دەس تۇرالىغان، ئەجەل يۇراپ تۇرغان چىغىر يولدىن ئۆز رېئاللىقىنى تاپالمىغان ئەي نارەسىدە بالا! مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگىن! بۇ شەھەردە ھىجران ئازابى تارتمىغان بىرمۇ يۈرەك يوق، قۇشقاچلارمۇ ئاللىقاچان رەڭگىنى يوقاتقان قاناتلىرىنى يېنىك سىلكىپ، تاقىر ستولبا ئۈستىدە مۈگدىنىپ ئولتۇرمىنى ئولتۇرغان. چۈچەكلەر، مېنىڭ ساداقەتمەن چۈچەكلىرىم! سىلەر سېھىرلىك بۇلاق بويىدا چۇشۇرۇپ قويغان ئالتۇن كەشىنىڭ پادىچى تازچاققا ئۇچراپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟!

* * * * *

بوۋا، چۈچەكلىرىڭىزنى قەيەردە چۈشۈرۈپ قويغانسەن؟! قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى ماڭا ھەمراھ بولىدىغان مۇشۇكۈممۇ سەندىن رىۋايەت كۈتۈپ ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتتى. مومام بولسا قېرىلىق ئۇۋا سالغان جىسمىنى سۆرەپ تېزەك تەرگىلى چىقىپ كەتتى... رىۋايەت ئاڭلىمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولغانلىقىنى چېكەتكىلەرمۇ دەپ بېرەلەيدۇ.

ئاچچىق كەچۈرمىش ھەممىلەننى سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويدى.

گۈلگە تەشنا باھار ۋە باھارغا تەشنا گۈلنىڭ موھتاجلىق ئىچىدە ھېس قىلىدىغىنى شۈبھىسىزكى ئۆزى ياساپ چىققان تەتۈر قىسمەت.

نۇرغۇن ئادەملەر ئاياغ ئاستىدا تەگسىز ھالەت تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشمىدى. غۇرۇر سېتىش يەنىلا داۋام قىلىۋاتىدۇ. سەن ئاشۇ باللارچە تەسەۋۋۇرۇڭغا تايىنىپ ساختا كۆلكىلەر ئاستىدا قانچىلىك تراگېدىيە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرەلمىدىڭ. چۈچەك ئاڭلاش ھوزۇرلۇق بولسىمۇ بىراق سەن ئەڭ ئاخىرقى چۈچىكىڭنىمۇ ئاڭلاپ بولغاندىڭ. بوۋىلىرىڭنىڭ دۇئاسىدا كۆكلەپ كەلگەن تەملىك ئۈجمە دەرىخىمۇ ئاخىرى قۇرۇپ كەتتى. سەن بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈش دېيەلەمسەن؟!

كۆز ئالدىڭدىلا ھالسىز ۋە ئۈمىدسىز ھالدا سوزۇلغان قوللار، سالاپەتلىك روھلار ئارىسىدا سىقىلغان ۋە بويسۇندۇرۇلغان ھەقىقەت جىلۋە قىلماقتا. خەيرىيەت، سەن ئۆلۈپ كەتمىدىڭ. ئەجەل سېنىڭ يۇمران بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈپ سېنىڭ ھاقارەتلىك ھاياتىڭنى داۋام ئەتكۈزۈشكە يول ھازىرلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ شەھەر نومۇسنى ساتىدىغان پاھىشىگە ئوخشاپ قالغانىدى. كېچىلىرى ئايغا، كۈندۈزى قۇياشقا قاراپ تەسەللىي تاپىدىغان ئادەملەرگە بۇمۇ بىر ھېسابتا بولغىنى.

شائىرىم، تۇيغۇلىرىڭنى زۇلمەت باسمىسۇن، بىز ئۆز قەلبىگە ئۆزى ئىگە بولالمىغان ئادەملەر ئۈچۈن بىرلىكتە ياش تۆكەيلى...

كەچكۈز، سېنىڭ بىر تال سارغۇچ يوپۇرمىقىڭدا،
پارلاپ تۇرار سۆكۈناتنىڭ سۇنغان جەزبىسى.
ھەقىقەتنىڭ ئېگىلگەندۇر گۈلنىڭ شېخىدەك،
قاچانلاردا ئۆزۈلگەندۇ كۆڭۈل تارىسى؟

سىرلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى يالغۇز ئورۇندۇق،
ئورنۇالغان ئۇنى شۇتاپ قات - قات غېرىبلىق.
شېئىر بولۇپ تۆكۈلسەمەن ئالقانلىرىڭغا،
كەچمىش بىلەن تولۇپ كەتتى چاناقلارمۇ لىق.

ئۆزگەرمەكتە رېئاللىقمۇ يارىم بىلەن تەڭ،
ئۆتىنىمەن، ئايرىلمىسۇن گۈللەر شېخىدىن.
باۋابى بىر ئېتىقادنى كۈيەر گۈلخانلار،
يالپۇز ھىدى كېلەر ئۆيچان كونا قەبرىدىن.



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# ئەدەبىي ساۋاتنىڭ قازىلىق ئورنى قەيەردىن كەلگەن؟

1

ئىنسانلار ئۆتمىزىم دەۋرىدە ياكى ئۆتكەندىن - كېيىن ئىلگىرى ھەرقانداق نەرسىدە روھنىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا لەززەت بىلەن ئىشەنگەنىدى. زامانلار تالاي ئىلىم دەۋرەشلىرىنى، جۇملىدىن ئەقىلچىلىك، ئۇنۇمچىلىك مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنيا ماددىي ھالاۋەتشۇناسلىق، ئەخلاقىي چىركىنلىكلەر تۈپەيلى ئېغىر ۋەيران بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شەيئىلەر ئارا پايانسىز ئۇچۇر تورىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەجرىبە ئارقىلىق تونۇپ يەتتى، يېراق يەردىكى بىر تۈپ دەرەخ، دېڭىزنىڭ تەكتىدىكى بىر تۈپ گىياھ، يىلاننىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان كىچىك قۇش، ئاستا - ئاستا چوڭقۇرلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنچىكە يىلتىز ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھاياتىمىز، ئەقلىي قوماندانلىق چاڭگىلىدىكى ۋۇجۇدىمىز بىز ئۇنتۇپ كەتكەن قايسىدۇ بىر ئىقتىدارى بىلەن ئالەم سۆھبىتى ئېلىپ بارىدۇ.

«بولدۇم بىنامەن تۇپراق ئىچىندە،
بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم.»

شائىر مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت نېگىزى بولمىش روھىنى ۋۇجۇدىدىن تاشقىرى ھەربىر نەرسىدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن. بۇ خۇددى يېگانە بىر قۇياش ئۆز خىسلىتىنى ھەربىر كۆل، ھەربىر ياپراق، ھەربىر كۆزدىن ئۇچراتقىنىدەك ئەھۋال. قۇياش روھى ھەربىر لەھزىدە بىر - بىرىگە زىنھار ئوخشاشمايدىغان شەكىل بىلەن قېنىمىز ھەرىكىتىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ روھنى شائىر تىل بىلەن، مۇزىكانت ئۈن بىلەن، رەسسام گۈن (رەڭ) بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. تەپەككۇر تارىخىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شائىرلار ئىلھام (ئالەملىك ئۇچۇر) نىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر دەقىقە ئىچىدە جاكارلىغان ھەقىقەتنى پەن نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە ئىسپاتلايدۇ. بىز مەيلى سېزەيلى ياكى سەزمەيلى، مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، نازۇك سەزگۈلىرىمىز بىلەن پايانسىز ئالەم سۆھبىتىگە ھەمىشە داخىل بولۇپ تۇرىمىز. بىز تەرجىمە كەتمەيدىغان يەنە بىر بوشلۇق ئىچىدە شەيئىلەر بىلەن ئوخشاش ھاياتنى باشتىن كەچۈرىمىز.

2

بىز ئۇقۇملار قايىنىمىغا كىرىپ قېلىپ، جەۋھىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى يىتتۈرۈپ قويدۇق. ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرنىڭ داشقىلى ھېسابلىنىدىغان بەدىئىي فورما ۋە قېلىپلار ئاخىرى سەنئەتنىڭ ئانا يىلتىزىنى قورۇتۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ئادەت كۈچلىرىگە قارشى بەدىئىي تالانتى قالدۇرغان ئۆلمەس ئەسەرلەر دەۋرلەرسىرى ياشاش جەريانىدا تاشلىغان قاسىراقلار ئۇقۇملار سۈپىتىدە سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى خىرەلەشتۈردى. بولۇپمۇ خىيالىي، ھېسسىي چايقاشلاردىن قايتا - قايتا ئۆتمىگەن قېرى ئۇقۇملار ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزدىكى ئېغىر خوراپىيلىقنى شەكىللەندۈردى. ئەدەبىي ساۋاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەدىبلەرنىڭ چۇقان سېلىپ تۇرغان قان ئۆركەشلىرىگە، ئۆزگىرىشچان تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

قېنى، بىز قاراپ باقايلى، بىر ئەدەبىيات - سەنئەت مەمۇرىي ئورگىنى، بىر مۇھەررىر بىر پارچە ئەسەرگە نىسبەتەن

سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم ھالدا، كۆپ ئارقىدا قالغان ئەدەبىي ساۋات، قېلىپ ۋە قائىدە ـ مىزانلار بويىچە دىئاگنوز قويىمىدىمۇ؟ ئوبزورچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئاشۇ ئەدەبىي ساۋاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بەرگەن دەستەك بىلەن ئەدەبىي ھاياتنىڭ تولغىقىدىكى ئەدىبلەرنىڭ كاللىسىدا ياڭاق چېقىۋاتامدۇ؟ گويا غەيرىي ئەدىبلەر ھەقىقىي ئەدىبلەرنىڭ خاراكتېر ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، كىشىلەرگە «بۇنى راست دەپ بىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك ئەھۋاللار يۈز بەردى. بىر مەزگىللىك جەريان ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي ساۋات ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشتەك ئەخلاقسىزلىقى بىلەن ئەدىبنىڭ، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئالەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىچكى مۇناسىۋەت مەنتىقىسىنى ھۆرمەت قىلمىدى.

زادى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇقەررەرلىكتىن كېلىپ چىققانمۇ ياكى زۆرۈرىيەتتىنمۇ؟ ھايات مۇقەررەرلىكمۇ ياكى زۆرۈرىيەتمۇ؟ بىز تۇغۇلۇشتىن بېرى ئىنقىلابىي مەقسەتلەرگە ئىگىمىدۇق؟ بىز دۇنيادا ھاياتنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى كۆرمىدۇق. ھايات ھەققىدىكى تۇرلۇك قاراشلىرىمىزنى ھايات ھەققىدىكى تەسىراتلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە ياكى ھاياتنىڭ ئۆزگىچە بىر ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قاراشلار قانچىلىك ئاقىلانە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھاياتتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى ئۆزگەرتىپ تاشلىيالمايدۇ. سېسىق ئالما ھىدى نېمە ئۈچۈن شائىر شىللېرنى① غىدىقلىيالايدۇ؟ ئالمىنىڭ پىشىپ يەرگە چۈشۈشى ھاياتلىق بىكىتىدىكى بىر قېتىملىق ئالمىشىش، شىللېر سېسىغان ئالما ئارقىلىق ئاخىرەت مەنىسىگە ئىگە كۈزنىڭ دراماتىك مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ، بۇنىڭدىن كەلگەن ئىلھام شائىرنىڭ ئۆزىگىلا ئاڭلىنىدىغان ھۇۋلاش بىلەن، ئېتىنىك تىلدىكى گۈزەل نەغمىگە ئايلىنىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق ھادىسە، ئۇ توختاۋسىز ۋاقىت سەپىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇقىم مەنىسىنى تاشلايدۇ. د. ھ. لاۋرېنس «مۇقىم مەنىدىكى ھايات بىزنىڭ بىر خىل خاتا چۈشەنچىمىز» دېگەنىدى. بىراق ئاشۇ خاتا چۈشەنچىگە ئاساسلانغان ئەدەبىي ساۋاتلار (لۇغەتلەشتۈرۈلگەن تەبىر ۋە چۈشەنچىلەر) ھاياتنىڭ ھەقىقىي بازىسىغا قاراپ ئىچكىرىلەۋاتقان ئەدىبلەرگە قارىتا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىسكەنجىگە ئايلىنىپ كەتتى، بۇ ئىسكەنجە چېيەن جۇڭشۇ ئەپەندى تەسۋىرلىگەن قورغاندەك، ئىچىدىكىلەرنىڭ چىققۇسى كەلمەيدىغان، تېشىدىكىلەرنىڭ كىرگۈسى كەلمەيدىغان ھالەتتە، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەدەبىي ساۋات بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات قازىلىرىنىڭ كېسىم پىچىقىغا ئايلاندى، شۇنى كەسكىن ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەدەبىياتتا قازى يوق. ئەدەبىياتتا روھىيەتلىك تاناسىپ بار. كىمكى بۇ تاناسىپنىڭ مۇۋاپىق ئەزاسى بولالمايدىكەن، ئۇ، داۋراڭسىزلا شاللىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىياتتا نوپۇز يوق، بېكىتىلگەن ئۆلچەم تېخىمۇ يوق، ئۇ بىر ئەركىن تەۋەككۈلچىلىك مەيدان، بۇ مەيداندا ھەركىم ئۆزىگە لايىق يول بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھەقلىق، سەن مەيلى نېمىنى قانداق يازسەن، يازغانلىرىڭ قانداق ژانىر. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر. ئىشقىلىپ، سېنىڭ يازغانلىرىڭ كىشىلەرنىڭ روھىغا تەگسۇن، ئىز قالدۇرسۇن، ھەقىقىي ھاياتنى تونۇتسۇن. بىر پارچە ئەسەر ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ، كېيىن كىتابخانىنىڭ تامامەن ئۆزىگە مەنسۇپ ۋەتىنىگە ئايلىنالىسا سەنئەت دېگەن شۇ. سەن ھېچقاچان ئۆز ۋەتىنىڭدە تۇرۇپ يات ئىقلىمنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرى بىلەن سىقىلىپ يۈرمەيسەن.

## 3

ھىندىستان دانىشمەنلىرى: «سەنئەتتىكى يۈكسەكلىكنى بالىلاردىن ئۆگەن» دېگەنىكەن. تاگور ئەنە شۇنداق قىلدى، ئۇ قېرىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ بالىلىقتا خاس ئوماق قەلبىنى يوقىتىپ قويمىدى. قىزىمنىڭ ئۈچ ياش ۋاقىتلىرى بولۇپ، رەسىم سىزىشقا ئىنتايىن بېرىلىپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى، ئۇ، شەكلى تاشقا ئوخشايدىغان بىر كۆرۈنۈشنى سىزىپ، ئادەمنىڭ كۆز، بۇرۇنلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان دۈگىلەكلەرنى، ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلارنى ئوتتۇرىغا تەرتىپسىز ھالدا قوندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ بۇ «ئەسەر»نى ماڭا كۆرسەتكەندىن كېيىن، «بۇ نېمە، تاشمۇ؟» ـ دەپ سورۇدۇم، قىزىم بىردىنلا دومسايدى ـ دە، «مەن ئادەم سىزغان تۇرسام» دېدى. مەن رەسىمگە قايتىدىن نەزەر سالدىم. بىر قارىسام ئۇ شەكلى ئۆزگەرگەن ئادەم بېشىدەك كۆرۈندى، بىر قارىسام، بىر پارچە تاش ئومچۇيۇپ قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇشتۇمتۇت ئاندىروتوماسىنىڭ

① شىللېر ـ گېئوتى بىلەن دەۋرداش گېرمان شائىرى.

«كائىنات ۋە ھاياتلىقنىڭ سىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى «تاش ئەپەندى، بىز ئەسلىدە بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاش ئىدۇق» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. بۇ بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئالىي تۈرى بولغان ئىنسانلارنىڭ تەسىرلىك مۇراجىتى ئىدى. قىزىم ئالتە يېرىم ياشقا كىردى، ئۇ ئەمدى رەسىم سىزمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسى بەرگەن تاپشۇرۇقتىكى «?=4+4» دېگەن ئەقلىي سوئالغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، ئۇ بىر ئىجتىمائىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەقلىي بىلىملەرنى ئۆگەنمىسە بولمايتتى. جەمئىيەتتىمىز يولغا قويۇۋاتقان مائارىپ، باللارنى جەمئىيەتتىكى نېسۋىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئېلىپ بارمىسا بولمايتتى.

مەن ھېلىقى «ئەسەر» نى ساقلاپ قويدۇم. چۈنكى بۇ رەسىمدىكى تاش ئادەملەرگە خاس كەيپىيات بىلەن قاراپ تۇراتتى. قىزىم ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئادەم ۋە تاش ئوتتۇرىسىدىكى جىنسلىق پەرقنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەنىدى.

مەشھۇر ماتېماتىك ۋە فىزىك نيۇتون ئۆزىنى دېڭىز ساھىلىدا قۇلۇلە يىغىپ يۈرگەن باللارغا ئوخشاتقانىكەن، ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى يازغاندا، مۇزىكىنىڭ ئىلھامبەخش كۈچىدىن پايدىلانغانىكەن. بۇ ئەھۋاللار داۋاملىق ئەقلىي تەپەككۇر قىلىپ تۇرىدىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئۈچۈنمۇ، فانتازىيىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. فانتازىيىنىڭ بىزچە مەنىسى «خىيال»، «تەسەۋۋۇر» دېگەن بولىدۇ. خىيال ۋە ئىلھامنىڭ زۆرۈرلۈكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۇرمۇشتىكى بارلىق تەپەككۇر شەكلى سەنئەتتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

بىزگە ئەدەبىي ساۋاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنچە زۆرۈرمۇ؟ بۇنى باللاردىكى تەسەۋۋۇر ئالىمى، شۇنداقلا ئەپسانىلەردىكى خورساس بىشارەت كۈچى رەت قىلىدۇ.

## 4

ئىستىلىستىك رەڭدارلىقتا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىدىغان خال قويۇش ئەدەبىياتى پاكى گىرىم قىلىش ئەدەبىياتى بىزدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا بىر پارچە شېئىرنى تىل جەھەتتىكى پاساھەت دەپ قارىدۇق؛ بوغۇم، رىتىم، قاپىيە دەپ چۈشەندۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە كلاسسىزملىق ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە شېئىرىيىتىمىزدىكى پاسسىپ ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر ناخشىچىنىڭ سەھنىدىكى ھەرىكىتى ناخشىدىكى كەيپىياتنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كەتسە، ناخشىچىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. ھەتتا، ناخشىچىنىڭ گىرىم ۋە ممىكىسى چوقۇم ناخشا بىلەن چىپىسلاشقان بولۇشى كېرەك. شېئىردىكى ماھارەتلەرنىڭ دەرىجىسىمۇ مۇئەييەن بىر تەبىئىيلىكنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بىز بىر ئادەمنىڭ ساغلام ھاياتىي كۈچىنى كىيىۋالغان ھەيۋەتلىك، پوزۇر كىيىملىرىدىن ئەمەس، يەنىلا تېرىسىدىن، بەش ئەزايىنىڭ راۋۇرۇسلۇقىدىن بىلىمىز. شائىردا شېئىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان تەۋرىنىش راستىنلا بار بولسا، ئۇ مۇۋاپىق تىل بىلەن تەبىئىي ھەشەمەتسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئانىلار ئادەتتە پەرزەنتلىرىنى «ئانام»، «دادام» دەپ ئەركىلىتىدۇ، بۇ يەردىكى ھېسسىيات ناھايىتى تەبىئىي بولغاچقا، ئادەمگە ئىللىق مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ئەدىب ئۆز ئەسىرىنىڭ ئوتتۇقلۇق چىقىشىنى، كىشىلەرنى جەلپ قىلىشىنى، كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى ئويلىماسلىقى كېرەك، شەيئىلەرنى ئىپادىلەيمەن دەپ زورۇقماسلىقى، ئەكسىچە سەنئەتكە ياتىدىغان ھەرقانداق ساۋاتنى مۇتلەق ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك. ئومۇمەن، ئەدىبنىڭ يېزىقچىلىقى ئۇنىڭ ھاياتقا ماس تەبىئەتتىكى قىزغىنلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئايلىنىشى لازىم. شۇ چاغدا شەيئىلەر ئادەتتە يوشۇرۇپ كەلگەن سىرلىرىنى تاسادىپىي بىر شەكىلدە ئەدىبكە ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

شائىر دېمەكچى بولغانلىرىنى شەيئىلەرگە دۈڭگەپ ئىزھارلىشى كېرەكمۇ ياكى شەيئىلەر شائىرنىڭ ئۆزىگىلا ئايدىڭ بولغان تىل بىلەن ئىزھار قىلغان مۇزىكىنى ئۆزىگە دۈڭگەپ خاتىرىلىشى كېرەكمۇ؟ ناۋادا شائىر ئۆزىنى «ئالەم سۆھبىتى» نىڭ بىر ئەزاسى دەپ چۈشىنىدىكەن، ھادىسىلەر دۇنياسىدىكى بىر ئورتاق تىلنى تېپىشى كېرەك. شۇ چاغدا بىزگە ئەدەبىي ساۋاتنىڭمۇ كېرىكى بولمايدۇ، تەنقىد ۋە ماختاشلارغا قاراپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

مامبەت تۇردى

# ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە شەخسنىڭ رولى

ئەدەبىيات تازىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن. بولغاندىمۇ ئەقىللىق تازىنىڭ بېشى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلسە ئۆز ئەقلى بىلەن خان سارايلىرىغا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، مەلتەنەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ كۆلتاجىسى بولۇپ، ئاددىي خەلقنىڭ ئارزۇسىنى، ئۆزىگە ئوخشاش تازلارنىڭ ئېزگۈ تىلەكلىرىنى پادىشاھنىڭ ئەمىر - پەرمان، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىدىكەن. لېكىن بۇ باش مېھنەتكەش باش ئىكەن. قانچىلىك ئايىغانسېرى، قانچىلىك ئېھتىيات قىلغانسېرى ھەر دائىم چالما - كېسەك، تاش - توقماق ئاشۇ باشقا كېلىپ تېگىپ تۇرىدىكەن. تازىنىڭ شورى قۇرۇمايدىكەن. ھەممە ئادەم بىلىدۇ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا دەسلەپكى توقماق ئەدەبىياتقا كېلىپ تەگكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر خىل، چوڭ - كىچىك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات زەربىگە ئۇچرىدى. يۈرەكزادە بولۇپ قالغان تاز باشلار قوۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىشكە باشلىدى. بەزىلىرى تۈلكە بولدى، بەزىلىرى توشقان. مەۋسۇم ئەدەبىياتى، بايرام ئەدەبىياتى، ھەشقاللا ئەدەبىياتى رەسمىي ژانىرغا ئايلاندى.

مانا بۈگۈن بازار ئىگىلىكى ئۆز قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەدەبىيات يەنە بىر تاللاشقا دۇچ كەلدى. راستىنى ئېيتساق، ئەدەبىيات بازار ئىگىلىكىنىڭ ماسلىقىغا پېتىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ ماسلىق ھەقىقىي چىن، رېئال ماسلىق ئىدى. ئۇ ئەدەبىياتنى ئىسلاھات يولىغا قىستايدۇ، ئاللايدۇ. كىتابخانىلارنىڭ دىلىدىن ئورۇن ئالالمىغان، بازار تاپالمىغان سۈنئىي ئەسەرلەرنىڭ يامىرىشىنى چەكلەيدۇ. ئەدەبىيات ئۆز قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىدۇ. ھەقىقىي تالانتلىق، بەدىئىي دىتلىق ئەدىبلەرنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداۋاتقان نادان، سادا ھەۋەسكارلارنىڭ ئەدەبىيات سېپىنى كەلكۈندەك قاپلىشىنى چەكلەيدۇ. لېكىن بۇ بىر تاشقى ئامىل. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيىتىنى قۇربانلىق قىلمىغان ئاساستا ئەدەبىياتقا يول تېپىش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى زور مەسىلە. ① **بۇنىڭدىكى بىرىنچى تۈگۈن، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرۈش.**

مازىر پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ دراما، كىنو، ئوپېرا قاتارلىق نۇرغۇن ژانىرلىرى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلالماي، مەلۇم ئەزالىرى تولۇق يېتىلمىگەن ناكا ئادەمگە ئوخشاپ قالماقتا.

كامالەتكە يەتكەن، مۇستەقىل بىر مىللىي ئەدەبىيات بولۇشى ئۈچۈن، پىروزا بىلەن شېئىرىيەت بولسىلا كۇپايە ئەمەس. بۇنداق تەڭپۇڭسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇنداق بىر يولى بار:

تەرەققىي قىلغان، يۈكسەلگەن ژانىرلارنىڭ بەدىئىي تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، تازا تەرەققىي قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان ژانىرلارنى ئىلگىرى سۈرۈش. چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، ئېسىل چىققان بىر پارچە روماننى ياكى پوۋېست، ھېكايىنى كىنوغا، تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا، درامىغا، ئوپېراغا ياكى بالېتقا ئايلاندۇرۇپ، ياخشى سەھنە ئەسىرى يوقلۇقىدىن نىمجان ياتقان سەھنە سەنئىتىنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇ دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان تەجرىبە. 1989 - يىللىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا 500 پارچە سەھنە ئەسىرى ئىشلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تىياتىرخانىلىرىدا ئوينالغان. بۇ ئامېرىكىلىق بىلەن گېرمانىيىلىكلەردە سەھنە ئەسىرى يوقلۇقىدىن ئەمەس، پىروزىدىكى غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ئوبراز ۋە بەدىئىي ئىدىيىنىڭ كۈچىنى تىياتىر سەنئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئېھتىياجىدىن بولغان. بۇ بىر ئاددىي ساۋات. بىزدە ئۇنىڭ ئەكسى. شۇنداق ئېسىل پىروزا ئەسەرلىرى باردە، تىياتىر سەھنىلىرى قۇرۇق، كىنو، تېلېۋىزىيە ھېكايىلىرى تېپتىقسىز. بىزدە «قويلىرىم تۇغماي قالسىمۇ، ئۆز قوچقىرىمنى قويىي» دېگەن شەخسىيەتچىلىك ئېغىر. رېژىسسورلار ئەسەر تاللاشتا ئىنتايىن بېكىنمە پوزىتسىيىدە بولماقتا. زاكاس بېرىپ يازدۇرغان ياكى تونۇشلاردىن ئالغان ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئەقەللىي تەلەپكىمۇ يەتمەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن ژانىرلار ئارىسىدىكى ئارىلىق بارغانسېرى كېڭىيىپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئېغىر نۇقسانغا ئۇچرىماقتا. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئەدىبلەر مەلۇم ژانىرلارغا ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىۋالدى. مىڭلىغان شائىرلار باردە، دراماتورگىيىدە تۇرسۇن يۇنۇس يالغۇز. ژانىرلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئارىيەت ئېلىش بىلەن بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا زوردۇن سابىرنىڭ «تۇمان» ناملىق پوۋېستى سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى. جەمئىيەتتە غۇلغۇلا قوزغىدى. ياخشى بىر دراما ئىجاد بولغاندىن سىرت، پوۋېستنىڭمۇ تەسىر دائىرىسى كېڭەيدى. بۇمۇ بىر ئۈلگە. ئەگەر ئەختەم ئۆمەر، مەمتىمىن ھوشۇر، باغراش ۋە خالىدە ئىسرايىللارنىڭ نادىر ھېكايە، پوۋېستلىرىنى سەھنىگە ياكى ئېكرانغا تولۇق يۆتكەيدىغان بولساق دراماتورگىيە ساھەسى غىدىقلىنىپلا قالماي، پىروزا ئەسەرلىرى تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلەيتتى. بىزدە شۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ يوقلۇقىدىن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر شىنجاڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە كۆمۈلۈپ

قالماقتا. زامانىۋى ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىدىن ماغدۇرنىڭ يېتىشچە پايدىلىنىش يېتەرسىز بولماقتا.

بىر مىللەت، بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇشىمىز زۆرۈر. باشقا مىللەت ئەدەبىياتلىرىدىكى ئەڭ يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈش، سىڭىشىش، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش رولىغىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن پىروزا ژانىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يېڭىدىن قېلىپلىشىۋاتقان، بوغۇنلىرى تولۇق قاتمىغان كىنو، تېلېۋىزىيە، دراماتورگىيە ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى مۇشكۇل. ھەتتا نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە سىمپونىيە، بالېت سەنئىتىمۇ شۇنداق. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ژانىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق تەرەققىيات ساقلانمىسا تەرەققىي قىلغان ژانىرلار تېخىمۇ گەۋدىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆز كەسپىنى (يازغۇچىلىق، شائىرلىق، رېژىسسورلۇق، مۇزىكانتلىق، ئۇسسۇلچىلىق) بىگانە قويۇۋېلىش، ژانىرلارنى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراش ئادىتىدىن ۋاز كېچىش زۆرۈر.

**ئىككىنچى تۈگۈن، ئەدەبىياتتا شەخسنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش مەسىلىسى.**

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كوللېكتىپ چېمپىيون بولغىلى بولمايدۇ. چوقۇم مەلۇم ئەدىبلەر دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىدۇ - دە، قالغانلىرى يەنىلا ئۆز دائىرىسىدە ئۆز ئوبرازى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، كۆپ تەرەپلىمە ھالدا مەلۇم ئالاھىدە تالانتلىق، ئىستىداتلىق يازغۇچىلارنى قوللاپ، ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى تېز، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئاساس سېلىش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا بىر شائىر ياكى بىر يازغۇچى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى، نامىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇ دېگەنلىك سۈنئىي ھالدا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە يازغۇچىنى ياساپ چىقىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتلىرىدا ناھايىتى تالانتلىق يازغۇچىلار قوشۇنى بار. لېكىن، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنىڭ، قوللاشنىڭ كەملىكىدىن، تولىراق شەخسىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋېلىش، يۇرتۋازلىق قىلىش ۋە كۆرەلمەسلىك ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن ئۈمىدلىك ئەدىبلەر بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتمەكتە. بۇ تەلىيى ئوڭ كەلمىگەن، شور پېشانە شۇ تالانت ئىگىسىنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ سەۋەنلىكى. تەڭ تەقسىماتچىلىق، ئوتتۇراھال سەۋىيىنى ساقلاش - ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئەدەبىياتلىرىدىكى چوڭ يېتەرسىزلىك.

ئەلۋەتتە مەڭگۈلۈك نوپۇز بولمايدۇ. لېكىن ھەربىر تارىخىي باسقۇچتا شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بىرنەچچە نوپۇزلۇق ۋەكىلى بولىدۇ. ھەممىسىنى باپباراۋەر قىلىپ، ئەندىزىگە سېلىش يۈكسىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھازىر ئەدەبىيات ئومۇملاشتۇرۇشقا موھتاج ئەمەس. يۈزلىگەن، مىڭلىغان يەرلىك يازغۇچى، شائىرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. مىللىي ئەدەبىيات بالزاك، تولستوي، گارسىيا ماركوس، ئايتماتوۋ قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەنلا ئەمەس، ئۆز ئىچىدىكى مەلۇم تالانت ئىگىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بىلەنمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشى كېرەك. شۇنداق بىر ئۆلگە بولغاندىلا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى داغدام يۈنىلىشكە بۇرىغىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى تۈگۈن، ئۇيۇشتۇرۇش.** ئەدەبىياتنىڭ پەقەت ئىجادىيەت ئارقىلىقلا تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۇيۇشتۇرۇشمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئوبيېكتىپ سەۋەبكە ئايلاندى.

ھازىر نەشرىيات ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. نەشر ئورۇنلىرىنى قانداق باشقۇرۇش، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ قايسى يول بىلەن مېڭىشىنى، ھەتتا يازغۇچىلارنىڭ قانداق ئەسەر يېزىشىنى بەلگىلىمەكتە. مەسىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم ساھەلىرىگە بىۋاسىتە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئىللەتلەر ھەم ئېغىر. بەزى ژۇرناللار پايدىنى كۆزلەپ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق مەخسۇس سانلارنى كەينى - كەينىدىن چىقىرىپ ئەدەبىياتنىڭ چېكىنىشىنى، پۇچەكلىشىشىنى تېزلەتمەكتە.

ئەدەبىي ژۇرناللارنى شەخسىي كوزىرغا ئايلاندۇرۇۋېلىش خاھىشى كۈچلۈك. بۇ ئىللەت شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت ئەدەبىياتىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالغان. قوللاشنىڭ يوقلۇقىدىن، ئۆز ئارا چۈشىنىشنىڭ كەملىكىدىن، بۇرۇنلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماي، تالانتى ۋە ۋاقتىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا خوراتماقتا. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدىبلەرنىڭ كەسپىي تەقدىرى نەشرىيات ۋە تەھرىرات ئورۇنلىرىنىڭ، مۇھەررىرلەرنىڭ ۋە خىراجەتچى بايلارنىڭ قولىدا تۇرماقتا. ئەگەر ئۇلار ئاكتىپ پائالىيەت قىلسا، ئىجابىي ئۇيۇشتۇرسا مىللىي ئەدەبىيات قوشۇنى ناھايىتى تېزلا جانلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار خەيرخاھلىق قىلمىسا بازار ئىقتىسادىنىڭ زەربىسىدە چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا بۇنىڭ نۇرغۇن مىساللىرى بار. بەزى ژۇرنال ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەشغۇلات پروگراممىسى ئاساسىدا بەزى يازغۇچىلار مەملىكەت خاراكتېرلىك داغدۇغا قوزغىماقتا، بىر يازغۇچى بىر كېچىدە ئاتاقلىق چولپانغا ئايلانماقتا. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا پىشىپ يېتىلگەن ئوبيېكتىپ ئاساسلار بار. لېكىن، كىتاب ئوقۇيدىغان زور قوشۇنغا ئىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ كۈچى بىلەن مەلۇم مۆجىزىلەرنى يارىتالماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن!

دېمەك، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات ساھەسى بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئادىل رىقابەتلىشىش ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىياتقا يېڭى - يېڭى يوللارنى تېپىش مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.



ئوسمان قاۋۇل

# شېئىر - ئەركىنلىكنىڭ چوققىسى

شائىر ئابلىز ئۆمەرھاجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب

**سوئال: ئائىلە تۇرمۇشىڭىز، خىزمەت مۇھىتىڭىز ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟**

جاۋاب: خالايمەن، ئائىلە تۇرمۇشۇم، ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بەختلىك ئائىلە دېيىلىۋاتقان كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بىرسى بولۇش شەرتىگە تامامەن توشىدۇ. ئىككى ئوماق بالام بار. ئايالىم خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ماڭا ئوخشىمىسىمۇ، كىتاب بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان بولغاچقا، ھازىرقى كىتاب بازىرى، نەشرىياتچىلىق ئەھۋاللىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار. شۇڭلاشقا ئىجادىيىتىمنى ئىزچىل تۈردە چۈشەندى ۋە قوللاپ كەلدى. بۇ يەردە مەن قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ روياپقا چىقىشىدا ئايالىمنىڭمۇ تېگىشلىك ئىلھاملاندۇرۇشى بار، دەپ قارايمەن ھەم مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆيۈملۈك ئايالىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

خىزمەت مۇھىتىمغا كەلسەم، بارلىق گېزىت خادىملىرىغا ئوخشاشلا، مەنمۇ ئىش قەغىزىنىڭ قۇرلىرى ئارىسىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، تېنىم تاپماي ئىشلەيمەن. خۇددى 1994 - يىلى يازغان بىر شېئىرىمدىكى:

«قۇرلار ئارا ئۆمىلەپ كەتتىم چۈمۈلىسىمان.»

دېگەن مىسرادىكىدەك بەت نۇسخىسىنى كۆرۈش، ماقالىلەرنى سىلىقلاشتۇرۇش، بەت لايىھىسىنى تەكشۈرۈش، يەنە يېڭى سانغا ئەسەر - ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلار گەجگەمدىن بېسىپلا تۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق تۈگىمەس ئىشلار ئارىسىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئانچە - مۇنچە بىر نېمىلەرنى يېزىپ يۈردۈم، تەھرىر بۆلۈم رەھبەرلىكىمۇ مېنى ھەر ھالدا قوللاپ كېلىۋاتىدۇ. تۈرلۈك ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە سېمىنارىيىلەرگە ئەۋەتىشتىمۇ كەڭ قوللۇق قىلدى. لېكىن ئەدەبىي مۇھىت يېقىندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايمەن. چۈنكى، قاچان ئەدەبىياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەقىقىي ئۆز ئورنىنى تاپمىغىچە، بىز شېئىرىيەت ئەھلى ھامان تۈرلۈك بېسىم ۋە چۈشەنمەسلىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. بۇ ھەممە، بىلىدىغان ئېنىق پاكىت.

**سوئال: ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىڭىزغا قانچە يىل بولدى؟ قانداق ئەسەرلىرىڭىز يورۇقلۇققا چىقتى؟**

جاۋاب: 1982 - يىلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ «يېتىمە» ناملىق ھېكايىسىگە يازغان «كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئەسەر» ناملىق ماقالەمنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغانلىقىدىن باشلاپ ھېسابلىسام، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا 15 يىل بوپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ 15 يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك، ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگۈدەك بىرەر پارچە ئەسەر ئىجاد قىلالمىغىنىمدىن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. بەزىدە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى بەس -

مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپمۇ قالىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون يىلدا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلغان گىگانتلار بار. شۇلار بىلەن ئەدىبلىرىمىزنى، جۈملىدىن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپمۇ كۆرىمەن. بىراق، ئۆز ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان تۇرغان يەردە ئۇلارغا ئۆزۈمنى تەڭلەشتۈرۈشكە نېمە ھەددىم!

يورۇقلۇققا چىققان ئەسەرلىرىمگە كەلسەم، ھازىرغىچە بىر داستان، ئىككى باللادانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 350 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرىم ئېلان قىلىندى ۋە «كاككۇك ھەققىدە رىۋايەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىم نەشر قىلىندى. «ئەپيۇنگۈل»، «چۈشۈمدىكى بىر ھەپتە»، «كوزدىكى ھەسەن - ھۈسەن» قاتارلىق 100 نەچچە پارچە نەسر ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە «يەنجىلىش»، «ساراڭلانغان ئادەم»، «ئايبۇۋى»، «مامكاپ گۈلى» قاتارلىق ھېكايىلىرىم ھەمدە «‹تىيانشان باغرىدا›نىڭ تېما دائىرىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى»، «گىتېچە جاسارەت ۋە ‹فائۇست›چە ئىزدىنىش روھى توغرىسىدا»، «ئەلشىر نەۋايىنىڭ تەربىيىچىلەر ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار توغرىسىدىكى بايانلىرى»، «شائىرە زىببۇننىسانىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى جەڭ مەنزىرىلىرى توغرىسىدا»، «كىتاب ۋە بىزنىڭ مەنىۋى سۈپىتىمىز»، «تاپتىن چىققان مەنىۋىيىتىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولايلى» قاتارلىق 30 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي - پۇبلىستىك ماقالەم جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تېخى ئېلان قىلىنماي تەھرىر بۆلۈملىرىدە نۆۋەت كۈتۈپ ياتقانلىرىمۇ خېلى بار.

**سوئال: نۆۋەتتىكى ئەسەر ئېلان قىلىش ۋە كىتاب نەشر قىلدۇرۇش مەسىلىلىرىگە قانداق قارايسىز؟ سىزچە قانداق قىلغاندا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، بازارنىڭ رەھىمسىز سىناقلىرى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپانى ئۆستۈرۈشتىن ماددىي مەنپەئەتكە ئەسەبىيلەرچە بېرىلىشى ئالدىدا ھەممە ساھە پۇلغا چوقۇنۇپ كېتىۋاتقاچقا، ھە دېسىلا ئەسەرنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەش، ئۇنىڭ ئىلمىي، تارىخىي، ئەنئەنىۋى، ئېتنىك قىممىتى بىلەن قىلچە كارى بولماسلىق، يېيىش، ئىچىش، كىيىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئەھۋالى نۆۋەتتە ئېغىر بولماقتا. سىزنىڭ يازغان ئەسىرىڭىز قانچىلىك ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۇلنى تونۇيدىغان، پۇلنىلا ئۇلۇغلايدىغان كۆزلەر بىلەن قارالغاچقا ئۇنىڭ مەنىۋى مەھسۇلات، مىللەتنىڭ بايلىقى ئىكەنلىكىدەك قىممەتلىك تەرىپى ئۇنتۇپ كېتىلمەكتە. شۇڭا ئۇكرائىن شائىرى شېۋچېنكو:

«پۇلدارلارغا ھەۋەس قىلما،
ئۇلار بىلمەيدۇ مۇھەببەتنى، ھۆرمەتنى.
سېتىۋالماقچى بولىدۇ پۇلغا ھەممىنى...»

دەپ يازغان. ھەقىقەت بىزدە بۈگۈن تولۇقى بىلەن ئىسپاتلانماقتا. نەشر قىلدۇرماقچى بولغان كىتابىڭىزنىڭمۇ ئىلمىي قىممىتى، جەمئىيەتكە، مىللەتكە بولغان پايدىسىنى نەزەرگە ئېلىشتىن ئىلگىرى، نەشرىيات تارماقلىرى سىزدىن يازغىنىڭىزنىڭ تۈرىنى، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇننى مۇنداقچىلا سورايدۇ. مۇنداقچىلا سورىغىنى ئەلۋەتتە سىزنى چېكىپ باققىنى. ئەسىرىڭىز ئەدەبىي ئەسەر تۈرىدىكى تارىخىي رومان بولسا ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاسانراق قوبۇل قىلىنىدۇ، بىرەر ساھەدە پاللىدە كۆزگە چېلىقىپ يوقاپ كېتىدىغانلار ھەققىدىكى ئۆتكۈنچى ماللارمۇ ئاسانلا بازار تاپىدۇ، ئەپسۇسكى بىر ئۆمۈر مىللەت ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ يەنىلا ئازادلىققا ئېرىشەلمەي دەۋرنىڭ تومۇرىغا قان تولۇقلاۋاتقانلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر بولسا، ھەي، ئۇنداق ئامەت سىزگە نەدە تۇرۇپتۇ؟ گەپ دەۋرنى، ئادەمنى، ئەمگەكنى تونۇشتا، ياكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەسەرنى تونۇشقا ئادىل پوزىتسىيە تۇتۇش - تۇتماسلىقىدا. ئەگەر يازغىنىڭىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆڭلىڭىزدە ئېنىق سان بولۇپ، سودا خاراكتېرىدا نەشر قىلدۇرماقچى بولسىڭىز، يەنە بۇنىڭ يولى ئېچىلىپ قالىدۇ. شۇنچە كۆپ نەشرىيات ئەۋزەللىكىگە ئىگە باشقىلار شياڭگاڭ، سىنگاپورلاردا ئەسەر نەشر قىلدۇرۇپ ئۆزلىرىدىكى جىددىيلىكنى باسىدۇ. ئۇلارغا تېلېۋىزوردىمۇ كىتابى ھەققىدە ئېلان چىقىرىش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنداق پۇرسەتلەردىن بەھرىمەن بولالمايمىز... مۇشۇنداق ئامىللارنىڭ توسقۇنلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسەر ئېلان قىلىش ۋە كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ئەھۋاللىرى قىيىن بولماقتا. يەنە باشقا ئامىللارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئەسەر ئېلان قىلىش ۋە كىتاب نەشر قىلدۇرۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتماق ئاسان ئەمەس. مېنىڭچە بۇ جەھەتتىكى توسالغۇلار ئاپتورلارنىڭ ساپاسىغا، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە، نەشرىيات

تارماقلىرىنىڭ ئۆز بۇرچىنى، مىللەت، دەۋر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى چۈشىنىشىگە، جۇملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئاڭلىق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىگە باغلىق بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن. گەپنى سىلىغايتىپ دېگەندە، شۇنداق بولىدۇ. ئەمدى يەنە نېمە دېمەك كېرەك؟!

**سوئال: ئەسەر يېزىش ۋە ئېلان قىلدۇرۇشتىكى مۇددىئايىڭىزنىڭ يىلتىزى نېمە؟**

جاۋاب: تېخى نېمە مۇددىئادا ئەسەر يېزىپ، ئېلان قىلىپ يۈرگىنىم توغرىسىدا ئويلاپ باقمىدىم. ئىش قىلىپ تەگرى ماڭا شۇنداق بىر ئىشتىياقنى سالغانىكەن، قەلەمدىن قول ئۈزۈشكە زادى كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. تۇرۇپ ماڭا بىرسى ۋەزىپە قىلىپ بەرمىسە نېمەئانچە جاپا تارتقۇلۇق، دەپ ئويلايمەن - دە، قەتئىي يازماسلىق نىيىتىگە كېلىمەن. بىراق، نېمە ئۈچۈنكىن ئىچىمنى بىرنەرسە تاتىلاپ زادى ئارام تاپقۇزمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئۈستەلگە ئېڭىشىمەن. ھەدىس شېرىفتىكى: «شائىرلار پەيغەمبەرلەر قەۋمىدىندۇر» دېگەن ئايەتكە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىسەممۇ، شېئىردىكى ئاجايىپ بىر سېھرىي قۇدرەت مېنى ئاشۇنداق ئىخلاسقا گىرىپتار قىلغىنىغا شەكلەنمەيمەن. بىرەر مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە شائىرلىققا قەدەم قويۇش مېنىڭچە زور يېگىلىش بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا سەنئەتنىڭ ئانىسى بولغان شېئىرنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەدە قالار؟!

**سوئال: كۆڭلىڭىزدىكىدەك چىققان، لېكىن ئېلان قىلىنماي قالغان ئەسەرلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟ نېمىشقا ئېلان قىلىنمىدى؟**

جاۋاب: بۇ سوئالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىسمەتكە دۇچ كەلمىگەنلەر بولمىسا كېرەك. مېنىڭمۇ 1996 - يىل قىشتا شائىر ئىبراھىم نىياز بىلەن ئېلىپ بارغان شېئىرىيەت ھەققىدىكى سۆھبەت خاتىرەم «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» ۋە كېيىن باشقا ژۇرناللار تەرىپىدىن نېمىشقىدۇر ئېلان قىلىنمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا « جوڭغارىيە ئوغلى» ناملىق پوۋېستىم، «بىر نېمە ئىزدىگەن ئادەم» ناملىق ھېكايەم ۋە «بولۇمسىزلىقلىرىمىز ھەققىدە ئەبجەش پاراڭلار» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالەممۇ ئېلان قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئەسەرلىرىمنىڭ مۇقامى تۆۋەن، بەدىئىيلىكى پىشىپ يېتىلمىگەن، ئىدىيىسى قاتمال ياكى دارىتمىلىقى كۈچلۈك بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، باشقىلاردىن رەنجىيدىغان يېرىممۇ يوق. چۈنكى، ئەسەرنى ئۆزۈم ياخشى يازالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. شۇلارنى ئويلىسام ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويغۇم كېلىدۇ. شۇنىڭ تۈرتكىسىدىنمىكىن ئىشقىلىپ كېيىن يازغان ئەسەرلىرىم ئاساسەن تولۇق ئېلان قىلىندى.

**سوئال: سىزنىڭچە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىدە قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى مەۋجۇدمۇ؟**

جاۋاب: شېئىرىيەتچىلىكىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئالغاندا، قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى بار، دېيىش مۇۋاپىق بولماس. چۈنكى، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ھەقتىكى تالاش - تارتىشلارمۇ بىرنەچچە رەت ئەۋجىگە چىقىپ بېسىقىپ قالدى ۋە قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈش كەيپىياتىمۇ بارا - بارا پەسلەپ، ھازىر ئاساسەن بىر ئىزغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرمۇ شېئىرىيەت ھادىسىلىرىگە دېگەندەك قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر شېئىرىيەت ساھەسىدە ئۆزگىرىش بولدى دېيىشكە توغرا كەلسە، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي قاتلام، پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىك ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى بىر خىللىقنىڭ بۇزۇلۇپ تاشلانغانلىقى جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنى تىلغا ئېلىش كېرەك. بىر چاغلاردا «شېئىرىيىتىمىزدە قۇتۇپلىشىش ھادىسىسى» ئەۋج ئېلىپ كەتتى، دەپ ھە دېسىلا ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن باتۇر روزىنى شىپىغا كەلتۈرۈپ ماقالە يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئاشۇلارنى قاغىمىسا ماقالىسىنىڭ سالمىقى بولمايدىغاندەك قىلىقلار كۆپىيىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىندى ۋە كۆرەي دېسىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان يەرگە يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكە مۇئامىلە قىلىشتا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مىللەتنىڭ ئاقىللىرى كۆپ بولسا مىللەت روناق تاپىدۇ. ئاشۇ ئاقىللار دەۋرنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەپ، تەرەققىياتنىڭ سىگنالىنى چالغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئاقىللاردىن بولۇشقا تىرىشىشى ھەم شۇنداق بولۇشى شەرت! بولۇپمۇ، شېئىرىيەت ئەھلى شۇنداق بولۇشى لازىم. ئاقىلنىڭ ئىدىيىسىدىن پايدىلىق پىكىرلەر تۇغۇلىدۇ. گېپىمىزگە قايتساق، شېئىرىيەتچىلىكىمىزدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق تەۋرىنىشتىن كېيىن ئادەمنى خېلى مەمنۇن قىلىدىغان

نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەكىل جەھەتتىن ئەركىن، پىكىرنى ئىپادىلەشتە جانلىق، تىل ئىشلىتىشى يېڭىلىققا ئىگە. ئومۇمەن، ھازىرقى شېئىرىيەتچىلىكىمىزدە قوتۇپلارغا بۆلۈنۈش ئامىللىرىنىڭ روشەن ئالامەتلىرى مېنىڭچە مەۋجۇت ئەمەس.

**سوئال: شېئىرنىڭ كۇپلېت، مىسرا، ۋەزىن، بوغۇم، تۇراق، قاپىيىلىرى مەلۇم تەبىئىي قۇرۇلما ئاساسىدا پەيدا بولغانمۇ ياكى تاسادىپىي شۇنداق بولۇپ قالغانمۇ؟**

جاۋاب: دۇنيادا تاسادىپىيلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان نەرسە يوق. شېئىرنىڭ كۇپلېت، مىسرا، ۋەزىن، بوغۇم، تۇراق، قاپىيىلىرىمۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن. بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمەي.

**سوئال: ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ تەبىئىي مۇكەممەللىكى مەلۇم روھىي قاتلام (روھىي تەگ) ئاستىدىن شەكىللىنىپ چىققانمۇ ياكى بۇ ئەندىزىنى ئەجدادلىرىمىز ئۆرنەك قىلىپ بەرگەنمۇ؟**

جاۋاب: شېئىرىيەتچىلىكىمىزنىڭ تەبىئىي مۇكەممەللىكى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بويان مۇشۇ ئانا تۇپرىقىمىزدا ياشاپ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مىللەتنىڭ سەنئەت سەمەرىسىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە سەنئەت ئالەمىنى يارىتىپ كەلگەن سۆيۈملۈك خەلقىمىزنىڭ روھىي تېگىدىن شەكىللىنىپ چىققانلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمىسا كېرەك. ئەنە شۇنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز بىز كۆرۈپ تۇرغان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان ھالەتتە مۇكەممەللەشكەن، ئۇنداق بولمىغاندا ھازىر دېيىلىۋاتقان پەلسەپىۋىلىك، كۆپ قاتلاملىق، گۇمانىزملىق، گۇڭگىلىق دېگەنلەرنى نەۋائى، مەشرەپلەرنىڭ شېئىرلىرىدىن تاپالايتتۇقمۇ؟ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى غەربتە باش كۆتۈرگەن مودېرنىزملىق شېئىرىيەت ئامىللىرى، ئۆز ۋاقتىدىلا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قوللىنىلغان، يالغان بولسا «قۇتادغۇ بىلىگ» تىكى ۋە ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «ئوغۇزنامە» دىكى ئامىللارغا قاراڭ! دەپ داۋراڭ سالالايتتۇقمۇ؟ شۇڭا شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەبىئىي مۇكەممەللىكىنى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي روھىي قاتلىمىدىن شەكىللىنىپ، شۇ ئەندىزىنى ئەجدادلىرىمىز ئۆرنەك قىلىپ بىزگىچە يەتكۈزگەن دېسەك مۇۋاپىق بولار.

**سوئال: 1985 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىدە پارتلاش خاراكتېرلىك يېڭىلىنىش بولدى، سىز بۇ ئەھۋالنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئويغىنىشى دەپ قارامسىز ياكى يىمىرىلىش دەپ قارامسىز؟**

جاۋاب: بۇ ئەھۋالنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئويغىنىشى، ئويغانغاندىمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى لەرزىگە سالغان، شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئەھمىيەتلىك ئويغىنىش دەپ قارايمەن.

**سوئال: سىزنىڭچە ئانا تىل بايلىقىمىزنى قېزىشىمىز يېتەرلىك بولدىمۇ؟ ئانا تىلنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.**

جاۋاب: ئانا تىل بايلىقىمىزنى قېزىشىمىز مېنىڭچە يېتەرلىك بولمىدى. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە نامايان قىلىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىقى ئانا تىل بايلىقىدىن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى قانداق نامايان قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تېخى يېتەرلىك قىلالمىدۇق. چىڭغىز ئايتماتوف: «كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، ئەمما ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت» دېگەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانا تىلىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېتىبارسىز قاراپ ياكى نادانلىقتىن بىلمەي دەپسەندە قىلىپ يۈرۈپ يەنە «مەن ئۇيغۇر» دەپ ياشاۋاتقانلار كۆزىمىز. دېمەك، بىزدە تىل جىنايەتچىلىرى ھەددى - ھېسابسىز. تىل بايلىقىمىزنى قوغدايمىز، قېلىپلاشتۇرىمىز، زامانىۋىلاشتۇرىمىز دەپ ئولتۇرۇپ، يىلىغا بىر تۈگىمىلىك لۇغەت تۈزۈپ، تىلنى خىيالىغا كەلگىنىچە بۇزۇپ تىلشۇناس بولۇۋالغان ئاتالمىش «تىل ئالىملىرى» مىزمۇ خېلى بار.

بىر چاغدا شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ: «بىر مىللەتنىڭ شائىرى، ئانا تىلنىڭ بارلىق ئامىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ نېمىدېگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆز - ھە! ئەپسۇسكى، ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس خېلى تۈتتىنىڭ بىرى مەن دەپ يۈرگەن بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭمۇ تېخى ئانا تىل بايلىقىمىزدىن تولۇق، مۇكەممەل پايدىلانغىنى يوق، بار دېگەندىمۇ بىر پارچە شېئىردا بىرەر ئىككى شىۋە سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. تىل بايلىقىدىن پايدىلىنىش دېگەن

ئۇقۇم قانداقتۇر باشقىلار ئانچە ئىشلەتمەيدىغان بىرنەچچە كونا سۆزنى بىلىش دېگەنلىك ئەمەس.

ئانا تىل ھايلىقى چەكسىز بىر دېڭىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دۇنيانى ھەيران قالدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپمۇ چەكسىز بىر راھەتلىك دۇنياغا بارغىلى بولىدۇ. بىز ئادەتتە نەۋايى، گۇمنام غەزەللىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئاجايىپ ھوزۇرلىنىپ كېتىمىز. دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بەزى نادىر ئۆلگىلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساقمۇ تەرجىمانىنىڭ بىلىمگە، ئانا تىل بايلىقىدىن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلانغانلىقىغا چىن كۆڭلىمىزدىن قايىل بولىمىز ۋە ئانا تىلىمىزنىڭ پاساھىتىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلىمىز. ئانا تىل گويا كى بىر تاغ بولسا، ئۇنىڭ قوينىدا تۈگىمەس ئۈنچە - مەرۋايىت كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز، ئۇنىڭدىن لايىقىدا پايدىلىنىشىمىز لازىم. ئانا تىلنىڭ قۇدرىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا ئاندىن بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئانا تىل - ئىككىنچى ۋەتەن» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى بىزگە قالدۇرغان. ئەگەر تىلىمىز شۇنچە باي، شۇنچە قۇدرەتلىك بولمىسا «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «تىنىچ دون»، «تىرىلىش»، «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن»، «جىنايەت ۋە جازا» دەك زور ھەجىملىك ئەسەرلەرنى، شېكسپىر درامىلىرى، «فائۇست»، تاگور نەسرىي شېئىرلىرىدەك پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق. شۇڭلاشقا، ئانا تىلغا بولغان ھۆرمەت - ئىخلاسىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**سوئال: يەرلىك تىل (شىۋە) ياكى قەدىمىي سۆزلەرنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىنىقى دېسەك توغرا بولامدۇ؟ شىۋە سۆزلىرىنى شېئىرىيەتتە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟**

جاۋاب: يەرلىك تىل (شىۋە) ياكى قەدىمكى سۆزلەرنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىنىقى دېسەك مېنىڭچە خاتا بولماس. چۈنكى بىز شۇلار ئارقىلىق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي، ياشاش، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئادەتلىرىنى مەلۇم نىسبەتتە بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. شىۋە سۆزلىرىنى شېئىرىيەت تىلىغا ئەكىرىشنىڭمۇ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوق. چۈنكى شېئىرلار ھە دېسىلا قېلىپلىشىپ كەتكەن قاتمال، قۇرغاق تىل بىلەن يېزىلسا ئۇنىڭ ئىستېتىك قىممىتى بولمايدۇ. مەلۇم شىۋە سۆزلىرى ئاشۇ بىر پارچە شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىچۇ؟ ئۇنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى باشقىچە بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلشىر نەۋائى: «ئەگەر شېئىر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇلسىلا ھەرقانداق سۆزنى شېئىردا ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئۇقۇمنى ئېنىق ئىپادىلىگىلى، شېئىرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولسىلا، تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سۆزنى شېئىردا ئىشلىتىشكە تامامەن بولىدۇ. يازغۇرمەنلىرىمىزنىڭ شىۋىلەردىن پايدىلىنىشقا سەل قاراپ كەلگىنى ئۈچۈنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنىدىغانلىقى بەرھەق. چۈنكى، شۇنداق بولىۋەرسە كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىز ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىگەن بولىمىز - دە، بۇ بىز ئۈچۈن بىر ئاھانەتلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ بۇ بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

**سوئال: بىزدە شېئىر يازىدىغانلار ھەددى - ھېسابسىز جىق، بۇ ئەھۋال نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟**

جاۋاب: بىز ئەزەلدىن «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى»، «چاقچاقچى مىللەت»، «مېھماندوست مىللەت» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن. ھازىر شېئىر يازىدىغانلارنىڭ ھەددى - ھېسابسىز بولۇشى ئاشۇ «شېئىر مىللىتى» ئىكەنلىكىمىزنىڭ يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىشى بولۇشى مۇمكىن. بىزدە شېئىر يازىدىغانلار ئۇنچە كۆپ بولۇشنىڭ ئورنىغا ياخشى شېئىر يازالايدىغان ساپالىق شائىرلار بولۇشى بىلەن بىللە سىياسىيونلار، ناتىقلار، پەيلاسوپلار، فىزىك - خىمىكلار، ئېلېكترون - ئۈچۈر مۇتەخەسسىسلىرى، كومپيۇتېر، نۇر ئىلمىگە كامىل ئادەملەر كۆپرەك بولۇشى كېرەك ئىدى. بىلىش كېرەككى، پەقەت شېئىر يېزىش بىلەنلا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

**سوئال: قانداق ئەسەرلەر ۋۇجۇدىمىزنى تىترىتەلەيدۇ؟ (ھەممىباب ئەسەرلەرمۇ ياكى ھەددىدىن ئارتۇق گۇڭگا ئەسەرلەرمۇ؟)**

جاۋاب: گەپ ئەسەرنىڭ ھەممىباب ياكى گۇڭگا بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىن، سەمىمىي، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن - بېرەلمىگەنلىكىدە. چۈنكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ئەسەردىن ھوزۇرلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەممىباب ئەسەر ۋۇجۇدىمىزنى لەرزىگە

سالالايدۇ. گۈڭگا ئەسەر لەرزىگە سالالمايدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، دېگەندەك ھۆكۈم چىقىرىپ بىراقلا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئاددىي، ئاممىباب تىل بىلەن يېزىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى پەلسەپىۋى پۇراق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەسەرلەرمۇ، گۈڭگىلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، بەدىئىي جەھەتتىن تاكامۇللاشقان بەزى ئەسەرلەرمۇ مېنىڭچە ئوخشاشلا ئوقۇرمەن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋېرىدۇ. مۇھىمى ئەسەرنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە.

**سوئال: سىزنىڭچە چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى پىكىر ئەركىنلىكىدىمۇ ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىمۇ؟**

جاۋاب: مېنىڭچە چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى پىكىر ئەركىنلىكىدىمۇ، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ. ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ھېسسىيات دېگەن ئەركىن نەرسە بولغاچقا ئۇنى بىر قېلىپتا، بىرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىغىلا سولىۋالماسلىق كېرەك ئىدى.

**سوئال: بىزدە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا تەڭ تۇرالىغۇدەك شېئىرلار بارمۇ؟**

جاۋاب: بار. چەت ئەل شائىرلىرى ئەۋلىيا، پەيغەمبەر بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىمۇ ھەرگىز «ھەدىس» سۆزلىرىدەك مۇقەددەس نەرسە ئەمەس. نۆۋەتتىكى شېئىرىيىتىمىزدىن ئالىدىغان بولساق، پەلسەپىۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن «روھ پەسلى»، «توزغاق»، «توپلار سىرى»، «سالغا تېشى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ بەزى نادىر ئۈلگىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ. گەپ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىڭ قەدرىنى بىلىش - بىلمەسلىكتە. كىم بىلىدۇ، بەلكىم بىز ئىككىلەنگەن بەزى شېئىرلىرىمىزمۇ ۋاقتى كەلسە نادىر شېئىرلاردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**سوئال: شېئىرىيەت نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟**

جاۋاب: شېئىرىيەت - ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ نەپەسلىنىشى، گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللىشىشى، تۇغۇم بىلەن ئۆلۈم ئارىلىقىدىكى چەكسىزلىكنىڭ سەنئەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى، تارىخ بىلەن كەلگۈسىنىڭ خرۇستال ئەينىكى. دۇنيانى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپى.

**سوئال: شېئىرنى شېئىر يازالايدىغانلار جۈملىدىن شېئىرىي خورۇچى بارلار تەرجىمە قىلىشى كېرەك. بىراق، ھازىر شېئىر يازمايدىغان كىشىلەرمۇ شېئىر تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: ئەڭ ياخشىسى شېئىر يازمايدىغانلارنىڭ شېئىر تەرجىمە قىلىشى دۇرۇس ئىش ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە شېئىرىي تەرجىمە ئۆز نۆۋىتىدە مۇستەقىل بىر سەنئەت پائالىيىتى. شۇنداق بولغانىكەن، بۇ ساھەدىن خەۋەرسىز ئادەمنىڭ ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەسەرنى ۋايىغا يەتكەن تەرجىمە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ تەرجىمە قىلالىشى ناتايىن. شۇڭا تەرجىمانلىقتىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ شېئىرىي تەرجىمە بىلەن ئەمەس، باشقا تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان تۈزۈك.

**سوئال: بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز (ئەلۋەتتە ياخشىلىرى) چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنسا قانداق باھالىنار؟**

جاۋاب: بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بىزدىكى ئەڭ ياخشى شېئىرلارمۇ ئۇستا تەرجىماننىڭ قولىغا چۈشمىسە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى، سەنئەتلىك قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ يۈكسەك سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ دۇنياۋى ئەسەرلەر سەۋىيىسىدە تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان مۇۋاپىق سەھنىگە ئىگە بولالىسا ئاندىن ئۇنىڭ قانداق باھاغا ئېرىشەلىشى ھەققىدە سۆز ئاچساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئۇياقتىن دۇنيا سەھنىسىگە چىققان ئەسىرىمىزگە بۇياقتىن خۇش خەۋەر كېلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئەگەر شۇنداق بىر پۇرسەت كېلىپ، شېئىرلىرىمىز دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئۇچراپ قالسا، ئىشىنىش كېرەككى، ئىنكاس چوقۇم ياخشى بولىدۇ. شۇڭا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئانچە مەيۈسلىنىپ كەتمەسلىكىمىز، شېئىر تەرجىمىچىلىكىدە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىمىز ۋە مەخسۇس شېئىرىيەت تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش،

نامايان قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

**سوئال: بەزى چەت ئەل شېئىرلىرىنى ئوقۇساق بىزدە مۇنداق شېئىرلار جىققۇ، دېگەن ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىمىز. بىزنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمىمىز بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمىدا قانداق پەرقلەر بار؟**

جاۋاب: بەزى چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ بىزگە ئاددىي تۇيۇلۇپ، بۇنداق شېئىرلار بىزدىمۇ جىققۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇشى، تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلارنىڭ ياخشى ئاللانماسلىقىدا ھەمدە تەرجىماننىڭ پىششىق يېتىلمىگەنلىكىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەڭ مەشھۇر شېئىرلار تەرجىمە قىلىنىپ ئاشۇ شائىرنىڭ ئۆز ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان ھالدا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ باشقىچە بولۇشى تۇرغان گەپ. چەت ئەللىكلەر بىلەن بىزنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمىمىزدىكى پەرق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ كۆزىتىشىمچە مەدەنىيەت، پسىخىكا، تارىخىي ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن بىزنىڭ شېئىرىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە تۈپتىن باشقا - باشقا نۇقتىدا تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىش، كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆز ھاياتىغا تەدبىقلاشتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئۇلاردىكى ئالەم سىرلىرىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش، شەيئىلەرنى تېگىدىن كۆزىتىش ئۈمىد - ئىشەنچىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پسىخىكىسى بىلەن بىزدىكى مەسىلىلەرگە ئاددىي قاراش، يۈزەكى ھېس - تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە چۈشكەن روھىي ھالەتنى تەسۋىرلەشكە كۈچەپ كېتىش مەسىلىسىدە پەرق بەكرەك ئىپادىلەنسە كېرەك.

**سوئال: بىز شېئىرىي تۇيغۇغا تولىمۇ باي مىللەت، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. خەلق قوشاقلىرى ۋە ئۆز شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىنى چەت ئەل شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟**

جاۋاب: چەت ئەل شېئىرلىرىنى خەلق قوشاقلىرىمىزغا سېلىشتۇرۇپ باقمىدىم. ئەمما، ئۆز شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى بىلەن چەت ئەل شېئىرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمدە، بىزدىمۇ ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلماي تۇرالمىدىم. ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات ۋە بۇغدا ئابدۇللالارنىڭ بەزى نادىر شېئىرلىرى ھازىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى قاتاردا ئېتىراپ قىلىنماقتا. مېنىڭچە، ئاشۇ شېئىرلارنى چەت ئەل شېئىرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا ئەرزىيدۇ. يەنە ياش شائىرلاردىن مۇختار مەخسۇت، پەرھات ئىلياس، ئادىل تۇنىيازلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ بار.

**سوئال: چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ئەسلى قۇرۇلمىنى ساقلاپ قالغان ياخشىمۇ ياكى قۇرۇلمىنى ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىغا بويسۇندۇرغان تۈزۈكمۇ؟**

جاۋاب: چەت ئەل شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا، چوقۇم ئەسلى قۇرۇلمىنى ساقلاپ قېلىش شەرت. چۈنكى، ھەر بىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئۇسلۇب، قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر تەرجىمىسىدە ئەينى ئۇسلۇبنى ساقلىغان ھالدا تەرجىمە قىلسا، ئۇنىڭ تەسىرچانلىقى، ئەينەنلىككى بولۇپمۇ ئىستېتىك قىممىتى ئۆز كامالىتىنى نامايان قىلىدۇ - دە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش، ئۆرنەك ئېلىش، ئۆزىنىڭكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىكىگە لايىقلىشىدۇ. ئۇنداق بولمىسا داۋۇتنىڭ چاپىنىنى ساۋاتقا كىيدۈرۈپ قويغاندەك ئىش بولمامدۇ!

**سوئال: چەت ئەل شائىرلىرىدىن كىمنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىكىز؟**

جاۋاب: شېئىرىيەتكە يېڭىدىن قەدەم قويغىنىمدا بايرون بىلەن پوشكىننى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قوياتتىم، ھازىرقى شېئىرىيەت جەھەتتىكى ئەھۋالىمدىن يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقسام، مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو. پازنى ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزگىچە قۇرۇلما ۋە پىكىرلەر ماڭا باشقىچە زوق بېغىشلايدۇ.

**سوئال: بىزدە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ تەرجىمە شېئىرلار توپلىمى چىقىپ باقمىدى («خەزىنە گىرۋەكلىرى» دىن باشقا) ئەيىب بىزدىمۇ ياكى نەشرىياتلاردىمۇ؟**

جاۋاب: بۇ ئىشتا بىرلا تەرەپكە ئارتىپ قويۇش ئاقىلانىلىق بولماس. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، باتۇر روزى، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىق ياش شائىرلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ئۇچقۇنجان ئۆمەر قاتارلىقلار مەخسۇس چەت ئەل شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ توپلام چىقارماقچى بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ھازىرغىچە ئۇ كىتابلار نەشردىن

چىقمىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئاشۇ تەرجىمانلاردىمۇ، نەشرىيات تارماقلىرىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلار تېخى بىزگە قاراڭغۇ. مېنىڭچە، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ بۇ خىلدىكى كىتابلارنى چىقىرىشقا قىزىقماسلىقى، ئاساسىي سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. نېمىشقا دېگەندە ئۇلار تىراژى توشمايدۇ، شېئىرلار تولىمۇ خەق ئالمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بازارنىڭ رەھىمسىز دولقۇنى نەشرىياتچىلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغاندىكىن ئۇلاردىمۇ ئامال قانچە؟ لېكىن شائىر قۇربان باراتنىڭ پۇشكىننىڭ شېئىر - داستانلىرىنى مەخسۇس تەرجىمە قىلىشتا ۋە كىتاب قىلىپ چىقىرىشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالىماي بولمايدۇ. بىزگە شۇنداق پىدائىيلار كېرەك.

**سوئال: قانداق قىلغاندا شېئىرنى ياخشى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئانا تىلنى پىششىق بىلىش بىلەن بىللە ئەڭ مۇھىمى قارشى تەرەپنىڭ تىلىنى جۈملىدىن خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل بىلىش كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلگەندە، ئەسەرنىڭ ئىچكى مەنا قاتلاملىرىغىچە كىرگىلى بولىدۇ. شۇ چاغدىلا تەرجىمە قىلىۋاتقان شېئىردىكى مۇھىتقا ماسلاشقىلى، شائىرنىڭ شۇ شېئىرغا سىڭدۈرگەن ئوي - پىكرىنى تېگىدىن چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ - دە، تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى شېئىر ھەقىقىي بىر ياخشى سەنئەت ئەسىرى تۈسىگە كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە رەھمەتلىك شائىرىمىز ئا. خوجايوف بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن.

**سوئال: شېئىر تەرجىمە قىلىۋاتقانلاردىن كىملەرنى بىلىسىز؟ ياخشى تەرجىمە شېئىرىدىن بىرنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟**

جاۋاب: شېئىر تەرجىمە قىلىۋاتقانلاردىن قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت، رەخىم قاسىم، ئىمىن ئەخمىدى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەركىن ئىبراھىم، پەرھات ئىلياس، ئەركىن نۇر، مىجىت تاش (جاسارەت)، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، باتۇر روزىلارنى بىلىمەن. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم لاۋرېنسىنىڭ «يىلان» (ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى) ناملىق شېئىرى.

**سوئال: سىزنىڭچە ھەقىقىي شائىر بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟**

جاۋاب: ھەقىقىي شائىر بولۇش ئەڭ ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئادەم بولۇش كېرەك.

**سوئال: قانداق قىلغاندا پىكىر، ھېسسىيات ۋە شەكىلنى جايىدا كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ، شېئىرىيەتتىكى تېخنىكىلىق مەسىلىگە ياتىدىغان سوئال ئىكەن. مېنىڭچە، شائىر شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ قاينىمىغا چۆكۈپ كەتكەندە مۇنداق ئىشلارنى ئويلىمىغىنى تۈزۈك. چۈنكى شېئىر دېگەن ئەركىنلىكنىڭ چوقانى، ئۇ قانداقتۇر شائىرنىڭ بىرەر شەكىل ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشىنى كۈتمەيدۇ، ھېسسىيات يۇقىرى پەللىگە چىققاندا يازغىنىڭىز ئىشقىلىپ بىر شېئىرغا ئوخشىسىلا بولدى، ئانىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كۆزى يورۇش ئالدىدا ئۇ تۇغۇلۇۋاتقىنىنىڭ قىز - ئوغۇللۇقى ئۈستىدە ئويلاپ ئولتۇرەلەمدۇ؟!

**سوئال: گۇڭگىلاشتۇرۇش شېئىرلاردىن ئۆتۈپ نەسرىي ئەسەرلەرگە يۇقتى ۋە بىرمۇنچە «ئىزلەنمە ھېكايە» لەر ئېلان قىلىندى. سىزنىڭچە ئاممىباراق يازغان ياخشىمۇ ياكى گۇڭگىلاشتۇرغان ياخشىمۇ؟**

جاۋاب: قەلەمكەشلەرنىڭ ئەڭ بېشى ئاغرىيدىغىنى ئۇنداق ياز، مۇنداق ياز دەپ قامچا ئويىنىتىش. مېنىڭچە ھەركىمنىڭ ئۆزى خالىغان ئۇسلۇبتا يازغىنى ياخشى. ھەرخىل شەكىلدىكى ئەسەرلەر بولغاندا ياخشىلىرى ئايان بولىدۇ. بەزىلەر گۇڭگاراق ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر ئاممىباراق ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

**سوئال: چەت ئەل شائىرلىرىغا قايسى شائىرلىرىمىزنى تەڭ خىل كۆرىسىز؟ سەۋەبى نېمە؟**

جاۋاب: بۇ سوئالغا يۇقىرىدا ئازراق جاۋاب بەرگەندەك قىلىۋىدىم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىرنەرسە دەپ باقاي، شېئىر مېنىڭ ھاياتىمدا كەم بولسا زادى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. تونۇگۈن ئوقۇپ ھۇزۇرلانغان ۋە باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ باققان شېئىرلار بىلەن بۈگۈن ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىپ، باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ باققان شېئىرلار ئارىسىدا ھامان ئۆزگىچىلىك باردەكلا تۇيۇلىدۇ. شۇڭا يەنىلا قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئوسمانجان ساۋۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ شېئىرلىرىنى بىر قەدەر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن شېئىرلار، چەت ئەل شېئىرلىرىغا تەڭلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارىدىم. چۈنكى ئۇلار شېئىرىي ئىجادىيىتىدە تىلنىڭ ساپ، ئەركىن، ھېسسىياتنىڭ چىن، سەممىي بولۇشىغا

بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇسا كىشى بىر خىل ساپ سەنئەت مۇھىتىدا تۇرغاندەك، سىياسىي شوئارۋازلىقتىن خالىي بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك، زورۇقۇش ۋە ساقتىلىقتىن ئازاد بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. شۇنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار ھەقىقىي شائىرلىق سۈپىتى بىلەن قەلبىمدە مۇرەتتەك ئىگە.

**سوئال: شائىرلىقنى كاساتلاشتۇرۇۋەتكەنلەر شېئىر يېزىۋاتقانلارمۇ ياكى كىتابخانلارمۇ؟**

جاۋاب: شائىرلىقنى كاساتلاشتۇرۇۋەتكەنلەر، لاۋزا شېئىرلارنى جىق يېزىپ، خەلقنى بىزار قىلىپ، كىتابخانلارنى ياخشى شېئىر بىلەن ناچار شېئىرنى پەرق ئېتەلىگۈسىز دەرىجىدە قايمۇقتۇرۇپ «شائىر» ئاتىلىۋالغان بىر ئۇچۇم ساقتىپەزلەردۇر.

**سوئال: پۇل بىلەن شېئىرنىڭ، شېئىر بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىسىز؟**

جاۋاب: سەنئەتنىڭ گۈلتاجى بولمىش شېئىرنىڭ قىممىتىنى ھەرگىزمۇ پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. شېئىر بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئادەمگە پۇل بولمىسا ياشىمىقى تەسكە چۈشىدۇ. لېكىن شېئىر ۋاقتىناۋاق كەلسە پۇلنىڭ ئورنىنى ھەرگىز باسالمايدۇ. بېتخوۋىن ئاشخانا خوجايىنىغا نوتا يېزىپ بېرىپ، بىر ۋاخلىق تاماققا ئېرىشكىنى بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شېئىرنى چۈشىنىپ، بىر پارچە شېئىرغا بىر ۋاخلىق تاماق بېرىدىغان خوجايىن تېپىلمايدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەقىقىي گەپنى قىلغاندا ئىنسان ئۈچۈن شېئىر بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ. بولۇپمۇ بىر مۇكەممەل ئادەم ئۈچۈن شېئىر - پۇل، ھاۋا، ئەقىدە، تاماق ۋە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىم.

**سوئال: نۆۋەتتە بىزدە ناچار شېئىرلار ھەددەپ كۆپەيمەكتە، ياخشى شېئىرلار تولىمۇ ئاز چىقىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە ياخشى شېئىر قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: ياخشى شېئىر خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن، دەۋرنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا چىداشلىق بېرەلىگەن، ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان، يۈكسەك دەرىجىدىكى سەنئەتلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن بولىدۇ. مەن ئادەتتە كلاسسىك شېئىرلارنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. نەۋايى، زەلىلى، گۇمنام، قەلەندەر غەزەللىرى ماڭا چەكسىز گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى دۇنيا شېئىرىيەت خەزىنىسىدىمۇ ئاز تېپىلىدىغان گۆھەرلەردۇر. ھازىرقى شېئىرلاردىنمۇ «ئىز»، «تۈگىمەس ناخشا»، «سادىر يۈتكەن بەش بالىسىنى ئىزدەپ» قاتارلىقلار ياخشى شېئىرلار بولالايدۇ.

**سوئال: ۋۇجۇد قاتلىمىمىزدىكى پەلسەپە تۇيغۇسىنى قانچىلىك مۆلچەرلىسەك بولار؟**

جاۋاب: ئۆز ۋاقتىدا بىز پەلسەپەنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۆلگىلىرىنى يارىتىپ، ئالەمنى تاڭ قالدۇرغاندۇق. بۇنىڭ تىپىك مىسالى «قۇتادغۇبىلىگ» تۇر. كېيىنكى چاغلاردىمۇ شەرق پەلسەپىسىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ جالالىدىن رۇمىي، ئىبىن سىنا، سوپى ئاللايارلار ئاجايىپ ئەمگەكلەرنى يارىتىپ بىزگە قالدۇرغانىدى. ھەتتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تەجەللى «قارا رەڭ ئاقتىن ياخشى» دەك يىرىك پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ياراتقانىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇ ئەسەرلەر ھازىرغىچە تېگىشلىك تەتقىق قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ خۇددى ئۇلۇغ ئالىمىمىز فازابىنىڭ:

«پىشمايىن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.»

دەپ يازغىنىدەك بىر ئىش بولدى. مانا ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە قارايدىغان بولساق كىشىلىرىمىز پەلسەپە دېگەن ئۇقۇم «تۇخۇم ئىگىلىرىمۇ توخۇمۇ» دىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ چۈشىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. پەلسەپە ساھەسىدە بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنى نېمىلەرنى دېمىدۇق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتساق ھەرگىز يامان بولمايدۇكى، بىزنىڭ ھازىرقى پەلسەپە تۇيغۇمىز تولىمۇ تېيىز، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا.

**سوئال: ئىجادىيەت خاھىشلىرىڭىزدا قانداق داۋالغۇشلار بولغان؟ بۇندىن كېيىن مېڭىشقا مۇستەھكەم يول تاللىدىڭىزمۇ؟ يولىڭىزنى قانداق پەرەز قىلىمىز؟**

جاۋاب: مەن ئەسلى ئىجادىيەتكە نەسرىي ئەسەر ئارقىلىق كىرگەن. كېيىن قانداق بولدى، شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ قالدىم. بۇ بەلكىم ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى مەھەللىمىنىڭ ناخشا - ساز، مەشرەپ قاينايدىغان بىر گۈزەل جاي بولۇشى، بولۇپمۇ مەرھۇم ئاتامنىڭ نۇرغۇن خەلق قوشىقىنى بىلىدىغان، ئۇستا

ناخشىچى بولغانلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى ئاتامنىڭ مۇڭلۇق ئورما ناخشىلىرى، خاماندىكى «لاي - لاي ناخشىلىرى» مېنى كالا هارۋىسىغا چىقىرىپ، قەدىمىي ئۆگەن دەريا ۋادىسىدىكى يىراق - يىراق سەھرالارغا ئاپىرىش جەريانىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك ناخشىلىرى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. كېيىنكى چاغلاردا مەن كۆپىنچە شېئىر بىلەن نەسىر ئىجادىيىتىنى تەڭ ئېلىپ باردىم. بولۇپمۇ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم نەشىر قىلىنىش جەريانىدىكى بەزى ئىشلار مېنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇششاق شېئىرلارنى زورلاپ يازماسلىق، يازغىنىمنىڭ سالمىقى بولۇش، مۇھىمى نەسىر ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش قارارىغا كەلدىم. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىمدىكى ئەڭ چوڭ داۋالغۇش بولسا كېرەك. لېكىن شېئىر هامان مېنىڭ ئۆلپىتىم، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن. مېنىڭ بۇندىن كېيىنكى تاللىغان يولۇم ئەڭ مۇھىمى ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويماسلىق، جۈملىدىن نەسرىي ئەسەرلەرگە يۈزلىنىش قىلىپ، يېرىكرەك نەرسە يېزىش ھەمدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە نەپ بەرگۈدەك ئىش قىلىش. بۇندىن كېيىنكى يولۇمنى هازىرچە شۇنداقراق پەزەر قىلىشقا بولار...

**سوئال: سىزنىڭچە نۆۋەتتىكى شېئىرىيەت ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى نەرخى قانچىلىك؟**

جاۋاب: بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ مىجەزىدىكى تۇرلۇك ئىپلاسلىقلارنى دېمىگەندە، ھەقىقىي مەنىۋى ساپا جەھەتتىن شائىرلىرىمىز باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ، ئۇلار ھېچبولمىسا ئەدەبىيات، شېئىرىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە پات - پات باش قاتۇرۇپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈپ تۇرىدۇ. مىللەتنىڭ تەقدىرى، باللارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلايدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. شائىرلاردىكى ھەقىقىي ئالىيجاناب روھ گىزەللىككە، بەختكە ئىنتىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستەكتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى نەرخىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەپسانىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ئابرويپەرەسلىك، مىللەتنى سېتىش، ئاچكۆز، خۇشامەتچىلىكنى، ئادەملىك سالاھىيىتىنى بىلمەيدىغان قىلىقلىرىنى ئويلىسا شۇنداقلىرىنىڭ مەنىۋى نەرخى بىر پىيالە چايغىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

**سوئال: پەلسەپە بىلەن شېئىر، ئادەمنىڭ بىرلىكى ۋە پەرقى قايسى جەھەتلەرلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟**

جاۋاب: پەلسەپە بىلەن شېئىر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. پەلسەپىۋىيلىكى بولمىغان شېئىر ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالغان شېئىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ماھىيەتتە بىر تۇغقان دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئىچكى قانۇنىيىتىدىن ئالغاندا ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس. ئادەمگە كەلسەك ئۇمۇ دۇنيانىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ پەيدا بولۇش، يوقىلىش بولىدۇ. تەپەككۇرى هامان ئالەمنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ، پەلسەپەنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئاخىرىدا يىمىرىلىش قانۇنىيىتى، شېئىرنىڭ ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرىكىشىدىن ئاستا - ئاستا ۋۇجۇدقا كېلىپ بىر پۈتۈنلۈكنى شەكىللەندۈرۈشى، ئادەمنىڭ تۆرىلىشتىن ئۆلۈشكىچە بولغان جەريانى پەلسەپە بىلەن تولغان. ئەمما پەلسەپە بىلەن شېئىر ئاڭ شەكلى، ئادەم بولسا ماددا.

**سوئال: ھەقىقىي شائىر بولۇش ئۈچۈن پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟**

جاۋاب: بار. شېئىر پەلسەپەدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا شائىرلىقمۇ پەلسەپەدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بۇ تارىختىن بۇيان ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. ھازىرقى شارائىتتا شائىرلار پەلسەپە ئۆگىنىشكە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بولمىسا شائىرلىقنىمۇ ئاستا يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، كۆڭلى كۆتۈرگەن باشقا ئىشنى تېپىپ قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. چۈنكى شائىرلىق دېگەن ھەممە ئادەم قىستىلىپ كىرىۋالسا بولىۋېرىدىغان توپ سېتىش بازىرى ئەمەس.

## ئوكتاۋئوپاز (مېكسىكا)

# شېئىرلار

### ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: ھازىرقى زامان لاتىن ئامېرىكىسىدا نېرۇدا، بورگېس قاتارلىق ئۈچ بۈيۈك شائىرلارنىڭ بىرى سانالغان ئوكتاۋئوپاز (1914 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مېكسىكىدىكى بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن) پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي خاتىرە، ئوبزور، تەرجىمە قاتارلىق ژانىرلاردا ئىزچىل ئىزلىنىپ كەلگەن ئېنسىكلوپېدىك شائىر.

ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئەلچى بولۇش جەريانىدا كۆپلىگەن جايلارنى كۆرگەن ۋە دۇنياۋى يازغۇچى، شائىرلار ھەمدە ھەرخىل ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى، مىللىيلىك بىلەن دۇنياۋىلىقنى، ئىندىئانلارنىڭ قەدىمىي ئەپسانە - رىۋايەت، ئىپتىدائىي دىنى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ساپ شېئىر بىلەن ئىجتىمائىي شېئىرنى ئۇتتۇقلۇق ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىك، مەردانە ئۇسلۇبىنى ياراتقان. ئۇ، 1930 - يىلى ئىجادىيىتىنى باشلاپ، 1990 - يىلغىچە 40 نەچچە توملۇق ئەسەر ئېلان قىلغان. ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىلىرى «ئېغىزدىكى ئەركىنلىك»، «بۈركۈتمۇ ياكى قۇياش؟»، «ئاقار قۇم»، «ئوت يىلان»، «بۇرانكا»، «قۇياش تېشى»، «تەنھالىقنىڭ سىرلىق قەسرى» قاتارلىقلار بولۇپ، «قۇياش تېشى» پوئېمىسى توماس ئېلىيوتنىڭ «باياۋان» پوئېمىسى ۋە گېنسبېرگنىڭ «كادىشۇ ئانامغا مەرسىيە»، «ھۇۋلاش» قاتارلىق پوئېمىلىرىغا ئوخشاشلا ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن مودېرنىزملىق شېئىرىيەت تارىخىدا ئەڭ زور ئورۇن تۇتىدىغان نامايەندىلىك ئەسەردۇر.

پاز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مېكسىكا دۆلەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتى، ئىسپانىيە سىرۋانتېس مۇكاپاتى، ئەنگلىيە توماس ئېلىيوت مۇكاپاتى، فرانسىيە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەڭ ئالىي ئوردېنى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەندىن سىرت، 1990-يىلى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «ھېسسىياتقا باي، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىرالاردىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى، ئىسپانىيە مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈنلەي ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن» لىكى ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان.

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## ئىچكى دەرەخ

بىر تۈپ دەرەخ ئۆسكەندۇر كاللام ئىچىدە.
بىر تۈپ دەرەخ ئىچىگە ئۆسۈپ كىرمەكتە.
يىلتىزىدۇر تومۇرلار،
شاخلىرى نېرۋا،
يوپۇرمىقى پىكىردۇر ئۇنى ئورىغان.

نىگاھلىرىڭ تاشلانسا ئوت تۇتىشار ئۇنىڭغا
سايىسىنىڭ مېۋىسى ئەمما
ئاپلىسىنى قانلارنىڭ
ئانارىدۇر يالقۇنلارنىڭ ھەم
تاڭ بالقىيدۇ
ۋۇجۇد - تەنىنىڭ زۇلمەت تۈنىدىن.
ئۇندا، ئىچكى قىسمىمدا، مېنىڭ مېڭەمدە

شىۋىرلايدۇ ئاشۇ بىر دەرەخ.
يېقىن كەلگىن، ئاڭلىدىڭمۇ ئېيتقانلىرىنى؟

## شەيئىلەر

ئۇلار ياشار ئەتراپىمىزدا،
تونىمايمىز ئۇلارنى، ئۇلارمۇ ھەم تونىمايدۇ بىزلەرنى
بىراق ئۇلار بەزىدە سۆزلىشىدۇ بىز بىلەن.

## ئوغۇل ۋە يوقىرى پەللە

ئوغۇل ئۇنى تاشلىغاندا ھەر مەرتەم چۆرۈپ
ئۇ چۇشىدۇ لەيلىگەنچە دەل
قاپ مەركىزىگە دۇنيانىڭ.

## ئاي - كۆن سىزىلغان كرېست

بۇ كرېستنىڭ بارماقلىرىغا
بىر جۇپ قۇش سالغاندۇر ئۇۋا:
ئادەم ئاتا، قۇياش ھەم؛ ھاۋا ئانا يەنە ئاي.

## ئوخشاشلىق

نۇر - زىيالار ئىلكىدە
تاش ئايلىنار شارقىراتمىغا.
ئاشۇ سۇدا ئۈزۈپ يۈرەر سەبىي بالا، تەڭرىلەر.

## يۇملاق قۇياش

ۋاقىت سۇپىسۇزۇك
شەكىلسىز قۇشتۇر
كۆرەلەيمىز ئۇنىڭ ناۋاسىدىكى رەڭنىمۇ ھەتتا.

## كېچىنىڭ سائىتى

كۆلەڭگىلەر دولقۇنى، ئەما دولقۇنى
ئوت كەتكەن بىر باشنىڭ ئۈستىدە -
پىكرىمنىڭ سۇلىرى، ھەيدىگىن ئۇنى!

## سىماھ

كۆزۈمنى يۇمسامىلا كۆرىمەن ئۆزۈمنى:
ئارىلاپ - ئارىلاپ
مەۋجۇتتۇرمەن ئۇندا ھەم مەۋجۇت ئەمەسمەن.

## دەلىل

بىر كېپىنەك پەرۋاز قىپ يۈرگەندى ئارىسىدا
پىكاپلارنىڭ.
مارى خېسسى دېدىكى: ئۇ چوقۇم جۇاڭزى، ①
نيۇ - يوركتا سەيلى قىلىۋاتقان.
ۋە لېكىن، كېپىنەك
بىلمەستىن ئۆزىنىڭ كېپىنەكلىكىنى
جۇاڭزىمەن دەپ ئويلايتتى ئۆزىنى
ياكى جۇاڭزى
كېپىنەكمەن دەپ ئويلاتتى ئۆزىنى
كېپىنەك يىراقتى تەشۋىش - غۇسسىدىن:
ئۇ ئۇچاتتى ئالغا قاراپ داۋاملىق.

## كۆۋرۈك

ئوتتۇرىسىدا ھازىرقى بىلەن ھازىرنىڭ
مەۋجۇدىيىتىم بىلەن مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
كۆۋرۈك دېگەن بىر سۆز بار.

① بۇ يەردە جۇڭگونىڭ كلاسسىك پەيلاسوپى جۇاڭزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كىرسەڭ ئاڭا
كىرگەن بولسەن ئۆززۈڭگە:
دۇنيا باغلىنىپ
ھەم تۇتىشار ئۆززۈكتەك.

بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاقتا
سوزۇلۇپ
ياتار بىر ۋۇجۇد:
رەڭدار ھەسەن - ھۈسەن.
مەن ئۇخلايمەن ئۇنىڭ ئاستىدا.

## سۇ ۋە شامال

سىپىلمەكتە سۇ، يالتىرايمەن
شەھۋەتنىڭ چېقىلغان چاقمىقى ئۆزرە
خىيالىم قارادۇر، كۆپكۆكتۇر ھەمدە

ئارىلاپ يۇرسەن قېنىمنىڭ ئورمانلىقىدا
ئۇرۇق ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان شۇ دەرەخ
ئاق دەرەخ، قارا دەرەخ ھەم

سەن ياشايسەن قىزىل ياقۇت ئىچىدە
چوغلانغان بىر لەھزە
بىر تامچە ئوت
چاراخلاپ كۆيگەن كېچىدە
چەكسىز ۋۇجۇد
كىچىككىنە ھۇجرىدا

دېڭىز كۆتۈرىدۇ سېنى ئەڭ ئاق چاقىرىشقا
چاقىرىشنىڭ پىچەكگۇلى پاتۇرىدۇ تىرنىقىنى گەجگەمگە
كۆزۈڭنى دېڭىزلار دەم تارتار، كېتەر ئېقىتىپ
گۇمران بولغان قۇمنىڭ مۇنارى
پارتلايدۇ ئىڭرىشىڭ، يوقايدۇ يەنە
قارارەڭلىك شۇ خوراز
كۇيلەيدۇ ئۆلۈمىڭ، قايتا تۇغۇلۇشىڭنى

گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئورمانلارنىڭ ئۈستىدىن
ئۆتۈپ كەتتى پالتىسىنى ئوينىتىپ قۇياش.

## سۆزلىشىش

ئوقۇغانمەن نەزمىلەرنىڭ بىرىدىن:
مۇقەددەستۇر سۆزلەشمەك[1]
ۋە لېكىن ئىلاھلار ئەسلا سۆزلىمەس:
ئادەملەر سۆزلىشىپ تۇرغان شۇ پەيتتە
يارىتىپ ئالەمنى، ھەم ئۇلار قىلىشار گۇمران.
ئىلاھلار بىر ئېغىز لام - جىمىمۇ دېمەس،
ئوينىشار قورقۇنچلۇق ئويۇننى ھامان.

يەلكەن ئاچار ئىلاھىي روھلار
ھەم ئاچىدۇ ئېغىزىن ئاستا
سۆزلىمەيدۇ زۇۋان چىقىرىپ
سۆزلىگىنى بىراق نۇر - زىيا
تىل - سۆز دېمەك كۆيۈۋاتقان ئىلاھتۇر،
بىشارىتى ۋە يالقۇنىڭ ئالدىن ئېيتىلغان
ھەم بوغۇمدۇر ئوتتا كۆيۈپ غۇلىغان
كۇللەرنىڭ دۈۋىسى قىلچە مەناسىز.

ئادەمنىڭ سۆزلىرى
ئۆلۈم پەرزەنتى.
سۆزلىشىمىز بىزلەر تىل بىلەن
ھاياتىمىز چەكلىك بولغاچقا.
تىل دېمەكلىك بەلگە ئەمەس، ئېقىن سۇدەك يىللاردۇر.
يەشكىنىمىزدە
ئىسىملارنىڭ مەنالىرىنى
يەشكەن بولىمىز ۋاقىتنى پەقەت:
بىز ۋاقىتنىڭ باشقا بىر ئىسمى
سۆزلىشىش ئادەمچۇن ئەسلى تەبىئەت.

---

[1] بۇ، پورتىگالىيە شائىرى ئارىبتو راسەيدانىڭ مىسراسى.

# ئادەم يىلتىزى

I

كۆي ۋە ئۇسسۇلنىڭ ئارقىدا
بۇ يەردە، ئىمتاسلىق ئارا
كۆي - مۇزىكا ياڭرىغان جايدا
قانلىرىمنىڭ يوغان دەرىخى ئاستىدا
ئارام ئالماقتىسەن خاتىرجەم.
مەن شۇ تاپتا يالىڭاچ، لېكىن
ئىمتاسلىقنىڭ پەرزەنتى - قۇدرەت
تومۇرۇمدا سوقۇلار دەھشەت.

بۇدۇر ئەڭ تىنىق كۆك ئاسمان
بۇدۇر ئەڭ بىغۇبار يالىڭاچ بەدەن.
قانلىرىمنىڭ يوغان دەرىخى ئاستىدا
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنسەن جەزمەن.

I

كۆيسۇن پۈتكۈل سادالار
كۆيسۇن جۇپ لەۋلەر؛
ئېگىز ئۆسكەن گۈل - چېچەكلەر ئۈستىدە
قېتىپ قالغان زۇلمەتلىك كېچە.

بىلمەس ئەسلا ئىسمىڭنى ھېچكىم؛
يۇلتۇزلار ئالتۇن رەڭدە سارغىيىپ پىشقان
بوشلۇقتا ئېسىلىــــــپ تۇرغان كېچە ھەم -
ئىمتاس دېڭىزلار
سىرلىق قۇدرىتىڭنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدۇ ئېقىپ.

ئەي نىگارىم سېنىڭ ئىسمىڭدۇر
ئۇن - تىنسىز نەرسىلەر، كۆيگەن سادا ئاستىدىكى.
ئەي ئاپپىقىم، پاتقان سۈكۈتكە
ھەممە نەرسە، يوقىلىپ ئىسمىڭ
سۆزلەر قاسىراق تاشلىغان كېچە.

III

سېنىڭ قېنىڭ بۇ
يوچۇن ھەم تىرەن
ۋۇجۇدۇڭغا كىرىپ كېلەر ئۇ،
سېنى چۈشەنمەس
دېڭىز بويلىرىنى يوغانچە.
پاكلىق، يىراقلىق
مەتانەت ۋە قايناملار ئىچرە
توختاپ قالار تومۇردا قېنىم.
كىچىككىنە بىر جاراھەت
تونۇش ئاڭا نۇر - زىيا
تونۇش ھاۋا ھەمدە نىگاھىم
ئۇلار ئۇنى تونۇمىسمۇ.
سېنىڭ قېنىڭ بۇ
نەمخۇش ساداسىنى قىلغان ئاشكارا.

IV

ۋاقىت - زامان يېغىلىپ
قايتار كۈندۈزنىڭ باشلىنىشىغا
توك ئۆتكۈزۈپ تۇرغان زۇلفىڭدەك
چوڭقۇرلۇقتا تىترەتسە يىلتىزنى مەگەر.
چۈنكى، ھايات ئايلىنىپ تۇرىدۇ مۇشۇ دەقىقە ئىچرە.
ۋاقىتتۇر، ۋاقىتنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆلۈم
ئىسىم ۋە شەكىللەر تامام ئۇنتۇلغان.

سېنىڭ قېنىڭ بۇ، دەيمەن
قېنىڭنىڭ تۆگەل يوقىلىشىغا يۈز تۇتقان
روھلا يالغۇز مۇئەللەقتە يۈلەكسىز ئېسىلىپ تۇرغىنى تۇرغان.

# چوڭ سىياسىيوننىڭ نەزەرىدىكى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»

چېن داۋ

ماۋزېدۇڭ كىتاب خۇمار ئىدى. ئۇ تارىخ، تەزكىرە كىتابلىرىدىن تارتىپ رىۋايەت، ئەپسانىلەرگىچە ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى سۆيۈپ ئوقۇيتتى. ئۇ مەيلى ياشلىق دەۋرلىرىدە بولسۇن ياكى ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسۇن كىتابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئۆتكەنىدى.

**هايات ـ ماماتلىق ھەل قىلغۇچ جەڭ مەزگىللىرىدىمۇ ماۋزېدۇڭ تەمكىنلىك بىلەن يەنىلا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇغان.**

1947 ـ يىلى يازدا، جۇڭگو زېمىنىدا زور داۋالغۇچ يۈز بەردى. جاھاننى ئۇرۇش ئوتى ئىس ـ تۈتەكلىرى قاپلىدى. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيىنىڭ نەچچە مىليون قوشۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توپلاندى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇ چاغدا مۇداپىئەدىن ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيىسىگە كۆچكەنىدى. 10 ـ ئايدا ماۋزېدۇڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتابىغا خىتابنامە يېزىپ بېرىپ، «جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىڭلار» قاتارلىق 67 شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئاجايىپ جاسارەت بىلەن نەچچە مىليون قوشۇنغا ئىگە گومىنداڭ بىلەن هايات ـ ماماتلىق ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. بىراق «قولىدا يەلپۈگۈچ، بويىنىدا شارپا، قىلدى ياۋنى كۇمپەيكۇم كۈلكە ـ چاقچاقتا» دېگەندەك، شۇ چاغلاردا ئۇ ئاجايىپ تەمكىنلىك بىلەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇيتتى. چۈنكى ماۋزېدۇڭ بۈيۈك ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ قويغاچقا، مىڭ چاقىرىملىق يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئۇ شائىرانە سالاپەت، ئىنقىلابچىلارغا خاس تەمكىنلىك، جاھاننى كۆزلىگە سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان كەڭ قورساقلىقتا ئىگە ئىدى.

ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى بىر ئۆمۈر ياقتۇرۇپ ئوقۇغان. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىنىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. بىر كۈنى كەچتە، مۇھاپىزەتچى لى يىنچاۋ كىتاب كۆرۈۋاتقان ماۋزېدۇڭغا چاي قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. ھەمدە ئۇ ماۋزېدۇڭغا نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يەن چاڭلىندىن مۇھاپىزەتچى ۋۇيىڭلىڭنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ھېكايە قىلىپ سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ماۋزېدۇڭدا زور قىزىقىش پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئادەم ئەۋەتىپ ۋۇ يىڭلىڭنى چاقىرتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ شياۋۋۇ، سەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ.

ـ بىر قېتىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋۇيىڭلىڭ. بۇنى ئاڭلىغان ماۋزېدۇڭ دەرھال بېشىنى چايقاپ:

ـ بولماپتۇ، بىرلا قېتىم ئوقۇغان كىشىنىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى بولمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۈچ قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە ئوقۇش كېرەك، ـ دەيدۇ. ماۋزېدۇڭ يەنە ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرگە قاراپ، ـ ئاراڭلاردىن يەنە كىملەر بۇ كىتابنى ئوقۇغان؟ ـ دەپ سورايدۇ، ـ بۇ بولماپتۇ، ـ دەيدۇ ئۇ يەنە بېشىنى چايقاپ، ـ ئۇنى چوقۇم ئوقۇش كېرەك، ھەممىڭلار ئوقۇشۇڭلار كېرەك. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇمىغان ئادەم نېمىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى ئوقۇغاندىلا ئاندىن نېمىنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى، نېمىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىدا ماۋزېدۇڭ يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. ئۇ، كىم «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ھەقىقىي چۈشىنەلەيدۇ؟ دەپ سوئال قوياتتى.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا ئۇنى يېنىدىن ئايرىماي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ؟ بەلكىم نۇرغۇن كىتابخانلار كىتاب ئىچىدىن ھېسسىياتنىڭ ئۇۋىسىنى تاپالىشى، قايغۇ - ھەسرەت ھەم شېرىن چۈش ئارىسىدىنمۇ قەلبىدىكى بىر كىشىلىك ئىنتىزارلىقنى قىياس قىلىپ تاپالىشى مۇمكىن. بەزى ياشلار «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى كۆرۈپ بولۇپلا ئۆيىدىن ئايرىلىپ راھىب بولغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. نۇرغۇن كىشىلەرنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئۆزىگە بىر ئۆمۈر مەھلىيا قىلغان. ساۋ شۆچىننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ چۈش راستىنلا نۇرغۇن ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرغان.

1951 - كۈزدە، ماۋزېدۇڭ كونا ساۋاقدىشى ۋە قەدىناس دوستى جوۋ شىجاۋ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئۈستىدە توختىلىپ: «كىتابتىكى ئىككى باش پېرسوناژ جيا باۋيۈي بىلەن لىن دەييۈيلەرنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ۋاي دېگۈچىلىكى يوق. جيا باۋيۈي بولسا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ. ئادەتتىكى تاماق يېيىش، كىيىم كىيىش ئىشلىرىدىمۇ كېنىزەكلەرگە تايىنىدۇ. لىن دەييۈي بولسا قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈپ ئۆتىدىغان يىغلاڭغۇ، ئاجىز، كېسەلمەن بولۇپ، نائىلاج سۇ شياڭگۈەن سارىيىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان، قان تۈكۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان قىز. بىز بۇنداق ياشلارغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمىز! بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇستەھكەم ئىرادىلىك، ئىنقىلابىي ياشلارغا موھتاج!» دېگەنىدى. بۇ ماۋزېدۇڭنىڭ ياشلارغا ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان سۆزى ئىدى.

ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»كە بىر ئۆمۈر چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ باشقىلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتى چىققاندا ئۇنىڭ ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچەيدى. 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 1954 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ئۇ جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ چاغدا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىپ قالاتتى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خاڭجۇغا كەلگەن ماۋزېدۇڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا يېنىدىكى خىزمەتچى خادىمغا: «بۈگۈن شىمالىي ئېگىز چوققىغا چىقىمىز. ئۇلارغا دەپ قويغىن، كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالسۇن» دېدى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇرغا قارىماي، ھەمراھلىرى بىلەن چوققىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ يېنىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئۇلاردىن: «سىلەر ‹قىزىل ۋاراقتىكى چۈش›نى ئوقۇغانمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. «ئوقۇدۇق» دېيىشتى ئۇلار. «قانچە قېتىمدىن ئوقۇدۇڭلار؟» دەپ سورىدى ماۋزېدۇڭ يەنە. كۆپچىلىك بىر - ئىككى قېتىمدىن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى. ماۋزېدۇڭ ساقلىقنى ساقلاش خادىمىدىن: «سىز قانچە قېتىم ئوقۇغان؟» دەپ سورىدى. ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ: «سىزچە بۇ كىتاب قانداقكەن؟» دەپ سورىدى. دوختۇر ئەستايىدىل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

- مېنىڭچە جيا قەسرىدىكى كىشىلەر تازىلىققا ھەقىقەتەن رىئايە قىلىدىكەن. ئۇلار ھەر قېتىملىق تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇيۇشقا ئادەتلەنگەنىكەن، - دېدى.

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ماۋزېدۇڭ كۆپچىلىككە:

- «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەقىقەتەن

ياخشى يېزىلغان كىتاب. ئۇنىڭدا سىنىپىي كۈرەش سۆزلەنگەن. بەش قېتىم ئوقۇپ چىققاندىلا ئاندىن پىكىر بايان قىلغىلى بولىدۇ، - دېدى. ئۇ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇرۇپ، - ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمىدى.

ئۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ سەل پەرىشانلىق ھېس قىلدى. جاھاندا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىدا سىرداش ئازلىق قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇز ۋە مەيۇس ھېس قىلدى. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى ياش پەيدا بولدى، ئۇلار يېڭى قىياپەتتە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقات ساھەسىدە پەيدا بولدى. ئۇلار ماركسىزملىق، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراشلارنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىغا باشلاپ كىرىپ، بۇ تەتقىقاتنى سەكرەش خاراكتېرلىك ھەم بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ خۇشاللىق ئىلكىدە بۇ تەتقىقات ساھەسىدىكى «ئىككى كىچىك شەخس»نى بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ مەدەنىيەت تەنقىدىنى قوزغاشنىڭ پۇرسىتىنى تاپتى.

قىش كېتىپ باھار كەلگەن، زېمىن گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن چاغ. بېيجىڭ جوڭنەنخەي باغچىسىنىڭ سىرتىدىكى گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش تاختىسى ئالدىدا ئىككى ياش تۇراتتى. بىرىنىڭ ئىسمى لى شىفەن بولۇپ، 23 ياشتا؛ يەنە بىرىنىڭ ئىسمى لەن شياڭ بولۇپ، ئۇ 26 ياشتا ئىدى. ئۇلار شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، 1953 - يىلى لى شىفەن جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتى سىنىپىغا تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. لەن شياڭ بولسا، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچى - دېھقانلار تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىملەنگەنىدى. دەم ئېلىش كۈنى ئۇلار بازار ئايلىنىپ كېلىشكە كېلىشتى - دە، گېزىت - ژۇرنال تاختىسى ئالدىغا كېلىپ، مەشھۇر تەتقىقاتچى يۈ پىڭبونىڭ «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرىدۇ ۋە مۇھاكىمە قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى بىرنەچچە ۋاقىت ئىلگىرى «يېڭى قۇرۇلۇش» ژۇرنىلىدا بېسىلغان يۈ پىڭبو ئەپەندىنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىسى بىلەن باغلاپ، بۇ ماقالىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ قارايدۇ ۋە بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تەخمىنەن توققۇز مىڭ خەتلىك «قىزىل راۋاقتىكى چۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان ۋە باشقىلار» دېگەن ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. لى شىفەن ئۇ چاغلاردا «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سوراپ خەت يازىدۇ. بىراق خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىغاچقا ئاخىرى ئامالسىز ئۇ ماقالىنى ئانا مەكتىپى شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىدۇ. شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى خۇا گاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چىقىرىلغان. بۇ ژۇرنالدا «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، ئىلمىي تەتقىقاتنى جانلاندۇرۇش، سالاھىيىتىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزماسلىق، قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەر بىر خىل قېلىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق» تەشەببۇس قىلىنغاچقا، ئۇ جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدە تەسىرى كۈچلۈك ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ قالغانىدى. ژۇرنالنىڭ ئىجرائىيە تەھرىرى گې ماۋچۈەن، لى بىلەن لەننىڭ بۇ ماقالىسىنى ژۇرنالنىڭ شۇ يىللىق 9 - سانىغا باستى. ماقالىدە ئاساسلىق ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا رازى بولمىغانلىقى، يۈ پىڭبونىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» توغرىسىدىكى قىسمەن

قاراشلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقى، ماركسىزمنىڭ قىسمەن نۇقتىئىنەزەرلىرى ئارقىلىق بۇ ئەسەرنى تەتقىق، تەھلىل قىلماقچى بولغانلىقى يېزىلغانىدى. ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇلارغا چوڭ ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. ئۇلار يەنە ئۇلاپلا يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش تەتقىقاتى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىنى پۈتتۈرۈپ، «نۇر گېزىتى»نىڭ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىنىڭ «ئەدەبىي مىراسلار» سەھىپىسىدە ئېلان قىلدۇردى. بۇ ئىككى ياش ئۆز ماقالىسىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر مەيدان چوڭ تەنقىدنى قوزغىۋېتىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟!

1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يەنى 1 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يېپىلىپ ئەتىسى، ماۋزېدۇڭ يەنە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە ماۋزېدۇڭ ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارغا قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ماۋزېدۇڭ كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان ماۋزېدۇڭ يەنىلا ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى كۆرەتتى، قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. تىنىماي گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيتتى. ئۇ لى بىلەن لەننىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىنىمۇ كۆرۈپ چىقتى. ئۇ خۇددى بىرەر نەرسە بايقاپ قالغاندەك بۇ ئىككى ياشنىڭ ئىسمىغا دىققەت قىلدى ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمىنىڭ يېنىغا ئەستايىدىللىق بىلەن: «ئىتتىپاق ئەزاسى، بىرى 23 ياش، بىرى 26 ياش» دەپ يېزىپ قويدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەنى ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشقا خەت يازدى ۋە خەتكە لى بىلەن لەننىڭ يۈ پىڭبونىڭ ماقالىسىگە رەددىيە بېرىپ يازغان ماقالىسىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە: «بۇ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاتالمىش، ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق يازغۇچىنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق ئوت» دەپ كۆرسەتتى. ماۋزېدۇڭ خېتىدە يەنە: «‹ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى›، ‹خەلق گېزىتى› قاتارلىقلار بۇ ‹كىچىك ئەرباب›لارنى كۆزگە ئىلمىدى. جانلىق يېزىلغان تەنقىدىي ماقالىنى ئىشىك سىرتىدا قالدۇرۇپ، قىردى» دەپ ناھايىتى كەسكىن تەنقىد قىلدى. قارىماققا ماۋزېدۇڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدە خۇشى، يۈ پىڭبو قاتارلىق بۇرژۇئازىيە ئىدېئالىزمچىلىرى بىلەن بىر مەيدان كۈرەش ئېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى. چۈنكى ماۋزېدۇڭ دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەنقىدكە ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ كەلگەنىدى.

**يۈ پىڭبو ئۆزىنى تەكشۈردى. فېڭ شۆفېڭ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقات ئىلمىدە خۇشى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى قوزغالدى.**

ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە جەڭ ئېلان قىلالىغان بۇ ئىككى نەپەر نوپۇزلۇق ياشقا ئىنتايىن قىزغىن بولدى، ئۇلارنىڭ ماقالىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە كومپارتىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىغا خەت يازدى. بۇ ئىش چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلدى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «خەلق گېزىتى»دە «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› تەتقىقاتىدىكى خاتا كۆز قاراشقا بېرىلگەن تەنقىدكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنىپ، لى بىلەن لەننىڭ يۈ پىڭبوغا قىلغان تەنقىدى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. 24 - كۈنى يەنە «خەلق گېزىتى »دە لى بىلەن لەن بىرلىشىپ يازغان «قانداق يولغا مېڭىش لازىم» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالە «خەلق گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى دېڭ تونىڭ تەكلىپى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇقتىلىق ھالدا خۇشىنىڭ

پراگماتىزىم بىلەن بۇرژۇئازىيىچە ئىدېئالىزمى تەنقىد قىلىنغانىدى.

ماقالە ئېلان قىلىنغان كۈنى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى بۆلۈمى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۇرۇشلۇق جايدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جوۋياڭ، لى بىلەن لەننى يۈ پىڭبوغا تونۇشتۇردى. بۇ يىغىندىن كېيىن خۇشى ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىدىغان يەنە بىر چوڭ يىغىن جۇڭگو سەنئەت تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «خەلق گېزىتى» دە يۈەن شۈيبونىڭ «‹ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى› نىڭ تەھرىرىگە سوئال» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ، ئايرىم داڭلىق كىشىلەر ۋە پېشقەدەملەرنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرىنى تەرغىپ قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارغا ماقۇل بولغانلىقى؛ نامى چىقمىغان ياشلار ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەھرىرلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقى، يازغان نەرسىلىرىنى «ئەتراپلىق بولماپتۇ» دەپ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكى كەسكىن تەنقىد قىلىنغانىدى. ھەمدە: «بىز مۇنداق مۇئامىلىنى بۇرژۇئازىيىچە، ئاقسۆڭەك - بەگلەرچە قىلىنغان مۇئامىلە دەيمىز. . .» دېيىلگەنىدى.

ئەينى چاغدا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان جوۋياڭ ماقالىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي دىڭ توغا تېلېفون بېرىپ: «بۇ قانداق ئىش؟ بۇنىڭ تىغ ئۇچى كىمگە قارىتىلغان؟» دەپ سورىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالە ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، دەسلەپكى ئورگىنالىنى يۈەن شۈي يازغان، ماۋزېدۇڭ ئورگىنالىغا چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزگەن، ماقالىنىڭ تېمىسىنىمۇ ئۆزى قويۇپ قويغانىدى.

يۈ پىڭبو تەنقىد قىلىندى، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»مۇ تەنقىد قىلىنىشقا كىرەك، بولمىسا ئادىل بولمايدۇ - دە! «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانىدا گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى فېڭ شۆفېڭنىڭ: «‹ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى› دە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدە: «گېزىتنىڭ ئاساسلىق خاتالىقى: ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بۇرژۇئازىيىچە خاتا ئىدىيىلەرگە سەۋر - تاقەت قىلدى ھەم تەسلىم بولدى؛ ماركسىزمنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىگە سەل قارالدى ۋە باستۇرۇلدى» دەپ يېزىلغان ۋە فېڭ شۆفېڭ مەزكۇر گېزىت ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارغا پۈتۈنلەي ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. «نۇر گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىنىڭ باش مۇھەررىرى چېن شياڭخېيمۇ ئۆزىنى تەكشۈردى. مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەيئەت رىياسىتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى كۆپ قېتىم بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ خاتالىقلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى باش مۇھەررىر فېڭ شۆفېڭ ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر چېن چىشيانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاشنى، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» تەھرىر ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، يېڭى تەھرىرات كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى.

بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ھەمدە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنقىد ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىككىنچى يىلى 2 - ئايدا يۈ پىڭبو «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» دە ئۆزىنى ئۇچۇق - ئاشكارا تەكشۈرۈپ، خۇشى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسى بىلەن ئۈزۈل - كېسىل چېگرا ئايرىيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر مەيدان ئەدەبىي تەنقىد ھەرىكىتى خۇشى ئىدېئالىزمىغا قارشى ھەرىكەتكە يۈزلەندى.

**دۇڭخۇ كۆلىنى سەيلى قىلغاچ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» توغرىسىدا پاراڭلىشىش.**

1955 - يىلى 1 - ئاي. گۇل - گىياھلار ئېچىلغان چاغ ئىدى. ماۋزېدۇڭ لۇشۇنىنىڭ يۇرتى جېجياڭدىكى شاۋشىڭ دېگەن جايغا كەلدى. چېن بودا، خۇ چاۋمۇ، تيەن جيايىڭ، يې زېلۇڭ، لىيۇ باڭجۇن ھەمدە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەن چىلۇڭ، ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار بىر كۈنى ماۋزېدۇڭ بىلەن بىللە دۇڭخۇ كۆلىگە ساياھەتكە كەلدى. قايسىدۇر بىر زىيالىي ماشىنىدىن چۈشۈپلا، دۇڭخۇ كۆلىنىڭ چىڭشەن تېغىدىكى تاشنىڭ زىچ ھەم ئاقلىقىغا قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «تەبىئەتنى، سۈيسەڭ گەر، قەدىرلىگىن تاشلارنى» دەپ تاشلىدى. بۇ سۆز ماۋزېدۇڭنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كە بولغان قىزىقىشىنى يەنە قوزغاپ قويدى. ئۇ جانلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ، كىتابتا يېزىلغان خوگۇەنفۇدىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ بەردى. ئۇ كاتىپ تيەن جيايىڭغا «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› نى مەن بىرقانچە قېتىم ئوقۇغان. كىتابنىڭ 4 - بابىدىكى ‹خۇلۇمياۋ راھىبىنىڭ چىگىش ئەنزە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغانلىقى› دا مەنسەپدارلىق تومارىنى قوغدىغۇچى ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› نىڭ بىر بابىنىلا ئوقۇغان. سىياسىيونلار رومان ئوقۇسىمۇ يىراقنى كۆرەلىشى، مۇستەقىل كۆز قارىشى بولۇشى لازىم» دېدى. تيەن جيايىڭ گەپ قىستۇرۇپ: «مەنسەپدارلىق تومارىنى قوغدىغۇچى تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى يىغىنچاقلىغان. ئۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۆرەشنى ياندىن بايان قىلىپ بەرگەن» دېدى.

ماۋزېدۇڭ يەنە: «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› جيا قەسرىنى مەركەز قىلغان جيا، شى، ۋاڭ، شۆي قاتارلىق تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىك تارىخى. شۇنداقلا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىياسىي تارىخىي كىتاب. ئۇ دۇنيادىكى داڭلىق ئەسەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قالتىس ئىش جۇمۇ» دېدى.

ماۋزېدۇڭ ئەت رەڭ پەلتۇسىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا دۇڭخۇ كۆلىنى تاماشا قىلغاچ، يېنىدىكى بىر زىيالىيغا قىزىقچىلىق قىلغاچ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى تەن چىلۇڭ گەپكە ئارىلاشماي كېتىۋاتاتتى، ماۋزېدۇڭ يېنىغا قاراپ ئۇنىڭدىن: «سىز ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› نى ئوقۇغانمۇ؟» دەپ سورىدى. «بىر قېتىم ئوقۇغان» دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ. ماۋزېدۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىر قېتىم ئوقۇغان بولسىڭىز بولماپتۇ. ئاز دېگەندە بەش قېتىم ئوقۇسىڭىز، ئاندىن بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزگە قاتنىشىش سالاھىيىتىڭىز بولىدۇ» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە يېنىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشىپ قالماي، خىزمەتدىشى لىيۇ شياۋچى بىلەنمۇ سۆزلىشەتتى. بىر قېتىم بۇ ئىككى رەھبەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە سۆزلىشىپ قالىدۇ. لىيۇ شياۋچى: «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن» دەيدۇ. ماۋزېدۇڭ لىيۇ شياۋچىغا: «ئۇ ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان جەمئىيەت تارىخى» دەيدۇ. ماۋزېدۇڭ يەنە گېنېرال شۈي شىيۇدىن بۇ كىتابنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ شياۋلىندا چوڭ بولغان، ئەسكەرلىكتىن چىققان ھەربىي رايوننىڭ چوڭ قوماندانى ئىدى. ئۇمۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى باشقا كىتابلارنى ئوقۇغانغا ئوخشاش ئوقۇپ چىقىدۇ.

پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» بىلەن «جىن پىڭمېي» نى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە توختالدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ماۋزېدۇڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋاقتىدىكى جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئىككى كىتابنى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ستالىن ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»، يەنە

بىرى بولسا، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى يازغان «سىياسىي ئىقتىساد دەرسلىكى» ئىدى.

ماۋزېدۇڭ بىر كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. ئۇنىڭ تەركىبىدە چېن بودا، خۇشېن، دېڭ لىچۈن، تيەن جيايىڭ، لىن كې قاتارلىقلار بار ئىدى. 1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماۋزېدۇڭ خاڭجۇدا مەزگىلدە يەنە «سىياسىي ئىقتىساد دەرسلىكى»نى ئوقۇدى. ئۇ ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇسا، بىر تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىمدا 10بەت ئەتراپىدا ئوقۇيتتى. ئۇ شۇ ئوقۇغىنىچە كىتابنى 1960 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە قەدەر ئوقۇپ، ئاخىرى گۇاڭجۇدا پۈتۈنلەي ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى دەم ئېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا كىتاب ئوقۇشنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويمىغاندى.

ماۋزېدۇڭ كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى مۇزاكىرىسىدە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە توختالدى. ئۇ سۆزىدە: «دۆلىتىمىزدە خېلى بۇرۇنلا يەر سودىسى بولغان. ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›تە ‹ئەينى چاغدىكى ئاۋات كىچىك بىر ھۇجرا بۈگۈن قالدى چۆلدەرەپ›، دېگەن بىر گەپ بار... بۇنداق ئۆزگىرىشلەر يەرگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەمدە دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتكەن» دېدى. ماۋزېدۇڭ يەنە جىيا قەسىرىنىڭ ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز پارچىلانغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى.

1962 - يىلى 12 - ئايدا ماۋزېدۇڭ پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى - مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ھەرقايسى چوڭ رايونلارنىڭ بىرىنچى شۇجىلىرى يىغىنىدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» بىلەن «جىن پىڭمېي»نى سېلىشتۇرۇپ: «‹چىن پىڭمېي›، ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نىڭ بوۋىسى. ئۇ بولمىغان بولسا ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›مۇ يېزىلمايتتى. بىراق ‹جىن پىڭمېي›نىڭ ئاپتورى ئاياللارنى ھۆرمەتلىمىگەن. ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› بىلەن ‹لياۋجەي ھەققىدە رىۋايەتلەر›دە ئاياللار ئىززەتلەنگەن. ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›تە جەمئىيەت تارىخى ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان» دېگەنىدى.

ئىككىنچى يىلى 8 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىل بېشىدىكى يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ سۆزىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «‹جىن پىڭمېي› كۆپ تارقىلالمىغان. سەۋەبى ئۇنىڭ شەھۋانىلىقىدا ئەمەس، ئاساسلىقى ئۇ قاراڭغۇلۇقنى ئاشكارىلىغان. ئۇ گەرچە يامان ئەمەس يېزىلغان بولسىمۇ كىشىلەر قىزىقىپ كۆرمىگەن. ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ يېزىلىشىدا ئازراق ئۈمىد بار»

ماۋزېدۇڭ ھامان مەدەنىيەت ئارقىلىق تارىخنى تونۇشنى، تارىخ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

**ماۋزېدۇڭ ئىلگىرى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان 4 - بۆلۈم بىر پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسى، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.**

60 - يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن ماۋزېدۇڭ لۇ شيەن يىغىنىدىن كېيىن سىنىپىي كۆرەشنى تەكىتلەيدىغان سىياسىي نۇقتىئىنەزەرنى يېتىلدۈرۈدى. ئۇ يەنىلا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىلمىي تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلەتتى.

1962 - يىلى 4 - ئايدا «نۇر گېزىتى»نىڭ 14 - ۋە 21 - سانلىرىدا ئەينى چاغدا ئەنگلىيىنىڭ نيۇتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋۇ شىچاڭنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسى بېسىلدى. ۋۇ شىچاڭنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىق قايتا نەشرى بىلەن ئاپتورنى دەلىللەش بولۇپ، نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەردە خۇشىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئىختىلاپ بار ئىدى. ماۋزېدۇڭ گېزىتتىكى ئىزاھاتتىن بۇ ئىككى پارچە ماقالىنىڭ ئەسلى ۋۇ شىچاڭ «مەن ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈشنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش›نى قانداق يازدىم» دېگەن ماقالىدىن ئېلىنغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە زور قىزىقىش بىلەن ماقالىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدا تېخىمۇ قىزىقىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «نۇر گېزىتى»گە ماقالىنىڭ

ئەسلى ئورگىنالىنى ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ.

ئەسلىدە ۋۇ شىچاڭنىڭ ماقالىسى گېزىتخانىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالىغا بېسىلغانىدى، گېزىتخانا دەرھال ماۋزېدوڭغا بىر نۇسخا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ماۋزېدوڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىلمىي تەتقىقاتىغا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ تەتقىقاتتىكى يېڭى نەتىجىلەرگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان.

1964 - يىلى ماۋزېدوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىگە زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا كۆپ ۋاقتىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىشلارغا ئاجراتتى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇ بېيدەيخېغا دەم ئېلىشقا بارىدۇ ھەمدە ۋۇ جياڭ، شاۋ تېجىن، گۇڭ يۈجى قاتارلىق بىرنەچچە پەلسەپىچىنى سۆھبەتلىشىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «نەزەرىيىۋى ئەسىرى بولمىغان نەزەرىيىچى» دەپ نام ئالغان كاڭ شېڭمۇ بار ئىدى. ئۇ كۈنى دېڭىزدا شامال كۆتۈرۈلۈپ، دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. داچىدا ماۋزېدوڭ يەنە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە توختىلىپ: «مەن ئۇنى بەش قېتىم ئوقۇدۇم. . . مەن ئۇنى تارىخ دەپ ئوقۇدۇم، ئىلگىرى ئۇنى ھېكايەت دەپ ئوقۇغانىدىم، كېيىن تارىخ دەپ ئوقۇدۇم. ھېچكىم بۇ كىتابتىكى 4 - بۆلۈمنىڭ پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى. . .» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە تارىخچىلارغا خاس نەزىرى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ 200 يىلدىن ئاشقان تارىخى توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇنىڭ يېزىلغىنىغا 200 يىلدىن ئېشىپتۇ. بىراق تەنقىد قىلغانلار ھازىرغا قەدەر ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمىدى. بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈ پىڭبو، ۋاڭ كۇنلۇنلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەخەسسىس. خې جىڭفاڭمۇ بىرئاز كىرىش سۆزى يازدى يەنە ۋۇ شىچاڭ چىقتى. بۇلار ئىلمىي تەتقىقاتچىلاردۇر. قىزىلىرى ھېساب ئەمەس، سەي يۈەنپېينىڭ بۇ كىتاب توغرىسىدىكى كۆز قارىشى توغرا ئەمەس. خۇشىنىڭ كۆز قارىشى ئازراق توغرا» دېدى.

ماۋزېدوڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ھازىرقى زامان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىلمىي تەتقىقاتىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر خىل قاراشنى يەنى كىتابنىڭ 4 - بۆلۈمدە سۆزلەنگەن تۆت چوڭ ئائىلىدىكى «خۇ گۇەنفۇ»نىڭ پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالتە كۈندىن كېيىن ماۋزېدوڭ جوڭنەنخەيگە قايتىپ، ئالىم جۇ پېييۈەن، نەزەرىيىچى يۇ گۇاڭيۈەن بىلەن ياپونىيە ئالىمى پەن تيەننىڭ ماقالىسى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، يەنە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ھەققىدە سۆزلەپ: «ساۋ شۆچىن 〈قىزىل راۋاقتىكى چۈش〉نى يېزىش ئارقىلىق بىرخىل جەننەتنى تولدۇرۇش يەنى فېئودالللىق تۈزۈم جەننىتىنى تولدۇرۇش خىيالىدا بولغان. بىراق بۇنىڭدا فېئودال تەبىقىلەرنىڭ يىمىرىلگەنلىكى يېزىلغان. ساۋ شۆچىننىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغان. 200 نەچچە يىل ئىلگىرى ساۋ شۆچىن بىر چۈش دۇنياسىنى ياراتقان. ئۇ مەدەنىي مىراس بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى ۋەزىنلىك. ئۇ كېيىنكىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. ئۇلار ھاياتىنى ئۇنى تەتقىق قىلىشقا ئاتىدى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن جان باقتى. . . ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇنىڭ شامىنى يورۇتتى. ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ۋاڭ مىڭ: «〈قىزىل راۋاقتىكى چۈش〉 ئۈستىدە توختىلىپ: 〈سەن ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيسەن، بەلكى ئۇ سېنىڭ ئۆمرۈڭنى كۈچلۈك ئىگىلەپ تۇرىدۇ〉 دېدى» دېگەنىدى.

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتتى، ماۋزېدوڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا 20 يىل بولدى. بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ھاياتنىڭ قىسقىلىقىنى، بۇرۇنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ئەمەت ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز نىياز

# قارىتال ناۋاسى

قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق راھەتباغ يېزىسىنىڭ قارىتال كەنتى، يەنى خەلق قىزىقچىسى قاسىم قىزىقنىڭ يۇرتى 1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى داغدۇغىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، قارىتال مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ھەمدە يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى، شۇنداقلا كەنت يولىنىڭ ئاسفالتلاشتۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. تەبرىكلەش پائالىيىتىدە قارىتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر قىسىم قەلەمكەشلەر، خەلق قوشاقچىلىرى، ئەلنەغمىچىلەر قايناق ھېسسىياتتا يېزىلغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، پائالىيەتكە ھۆسن قوشتى. يېزا - كەنتلىرىمىزدە جانلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا پائالىيەتتە ئوقۇلغان شېئىرلاردىن تاللاپ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

*مۇھەررىردىن*

ئابدۇللا تۇرسۇن

## كۆڭلۈم سەندىدۇر

ئۆزۈڭ كىچىك چېكىتتەك دىيار،
كۆڭلۈڭ چەكسىز زېمىندەك دىيار.
ھەمدە ئاپئاق، كىرسىز، بىغۇبار،
ئۆزۈم ھەر جايدا، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

نەقەدەر ھۇزۇر ئويناش مۆكۈشمەك،
دوست - دۈشمەن بولۇپ، «قانلار تۆكۈشمەك»
غەلىبە شۇ ئىدى پۇشقاق سۆكۈشمەك،
ئىزلىرىم سەندە، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

ئوۋ ئوۋلايتتۇق، مىلتىق ئوقلىماي،
تىنمايتتى كۆڭۈل، ئالچۇق يوقلىماي.
ئولجا بولۇشۇپ، تۈندە ئۇخلىماي،
بەڭباش چاغلىرىم كۆڭلۈم سەندىدۇر.

ئېتىز - باغلىرىڭ ھۆسنىڭگە زىننەت،
قولۇڭ بەك ئۇچۇق، سېخى بىر جەننەت.
شۇڭا يۈرەكتە قاينار مۇھەببەت،
ئارمانلىرىم، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

ئەرلەر ھارماس ئېيتىشىپ غەزەل،
رەپتارى كىيىك چوكانلار گۈزەل.
ئۇسسۇللىرى شوخ، تىللىرى ھەسەل،
يۈرەك باغرىم كۆڭلۈم سەندىدۇر.

مەيلى كۆكتە پەرۋاز ئەيلىسەم،
ئاق بۇلۇتتەك ھەريان لەيلىسەم.
بېشىم كۆككە تاقاشقاندىمۇ،
كۆزلىرىم سەندە، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

يۇرتىنىڭ سۆيگۈسى -ئەلنىڭ سۆيگۈسى،
ئەلنى سۆيمەك ئەرنىڭ بەلگىسى.
شۇنداق سۆيگۈدىن كۆلەر كەلگۈسى،
تىلىكىم سەندە، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

## سەيدۇل نۇرشا

# ھۆر دىيارىمغا

تۇغۇلغان ھۆر دىيارىمنىڭ ئىپار ھىدىلىق ھاۋاسى بار،
سەنئەتكە تەشنا خەلقىمنىڭ خۇشال قارىتال ناۋاسى بار.
ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇچىيۇز ئاتمىش ئالتە ياپرىقى باردۇر،
شۇڭا ياڭرايدۇ ئەبەتكە ئۇنىڭ دىلغا داۋاسى بار.

ئىشچان خەلقىم ئالدى ھوسۇل بۇنىڭغا باھاسى بار،
پاراغەت ئۆزى كەلمەيدۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن جاپاسى بار.
يۇك ئېغىر مەنزىل يىراق ئېشىپ ئۆتمەك كېرەك ئۇندىن،
يېڭىشقا مۇشكۇل جاپانى كۈرەش مېھنەت ئاساسي بار.

## نىياز قاسىم

# كۆرۈپ كەتكىن

گۇل باغ دېگەن نېمەدەيدۇ بىلمىگەنلەر،
ئۇنىڭ ھەرخىل مېۋىسىنى يېمىگەنلەر.
سەنمۇ يېمەي كېتىپ قالما گۇل بېغىمدىن،
گۇل بېغىمنىڭ جۇلالىسىنى كۆرۈپ كەتكىن.

گۇلباغ ئۆزى گۈزەل مەيدان،
ناغرا سۇناي ياڭراپ ھەريان.
چالغۇچىلار ھەممىسى تەلدۇر،
مەشرەپلەرنى كۆرۈپ كەتكىن.

بۇ مەنزىرلەر بولغانمىدى ئۆزلۈكىدىن،
بىر قىسىملار قورقۇپ كەتتى قۇملۇقىدىن.
مېھنەت بىلەن ئەجرى قىلغان باغۇنى بار،
شۇ باغۇەننى زىيارەت قىپ كۆرۈپ كەتكىن.

دىيارىمنىڭ ھۆسنىسى باغدۇر،
گۇل بېغىمنىڭ قۇملىرى تاغدۇر.
نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن،
تۇر[1]لىرىنى كۆرۈپ كەتكىن.

شەرقى ئۇنۇڭ تۇرغا تولغان،
ئۇستى بېشى نۇرغا تولغان.
بېلىجانلىرى ئۇيناپ تۇرغان،
ئامبارلارنى كۆرۈپ كەتكىن.

ئەل نەغمىچى چىققان ماكان،
چېلىشچى دەپ نام ئالغان ماكان.
قاسىم قىزىق چىققان جايىنى،
ئۆمرىڭدە بىر كۆرۈپ كەتكىن.

بېيىش يولى ئىزدەپ يۈرگەن،
مەبلەغ سېلىپ بوزيەر ئاچقان.
تونىنا ـ تونىنا تاۋۇز ئالغان،
دېھقانلارنى كۆرۈپ كەتكىن.

تۇمانلىرى كەلمەسكە كەتكەن،
ئورمانلىرى پەلەككە يەتكەن.
قاتناشلىرى راۋان بولغان،
يوللىرىنى كۆرۈپ كەتكىن.

## ناسىرجان ئابلىز

# ئەر سۆيگۈسى

(قارىتال كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى
نىياز قاسىمغا بېغىشلايمەن)

ئەل سۆيگۈسى ئەرنىڭ سۆيگۈسى،
ئەل سۆيگەننى ئەلمۇ سۆيگۈسى.
ئەر بولماقتا مېھنەت تەر كېرەك،
شۇنداق ئەرگە خەلق كۆيگۈسى.

رەھبەرلىكنىڭ بولغاچ پىلانى،
مايلىشىپتۇ كەنتنىڭ يولى.

---

[1] تۇر ـ تۇرا دېمەكچى

يېڭىلىنىپ مەكتەپ، ئىمارەت،
چىلىڭ سىلىندى بېھىشنىڭ ھۆلى.

ئەجىر ئۆلمەس، مېھنەت كۆمۈلمەس،
مېھنەت قىلغان ئەبەدىي ئۆلمەس.
مېھنەت بىلەن ئۆتتى كۆپ ئۆمۈر،
ياشا مەڭگۈ، ئىزلىرىڭ ئۆچمەس.

**ھەسەن سالى**

## قارىتال ناۋاسى

قارىتال ئۆزى بوستانلىق،
ئادەملىرى ئۇستىخانلىق.
پۈتۈن قۇمۇلغا داڭق كەتتى،
بۇ، ھەر جەھەتتىن توشقانلىق.

قارىتال ئۆزى سوزۇنچاق،
يوللىرى ئۇزۇن.
پىلانلىرى مۇكەممەل،
نىشانى ئۇزۇن.

قارىتالنىڭ يوللىرىدا،
ئويناقشىيدۇ تايلىرى.
كۈن نۇرىدا پارقىرايدۇ،
يولغا چاچقان مايلىرى.

ئەمگەكچان ھەم تىرىشچان،
قارىتال ياشلىرى.
جاپادا ھەم ھالاۋەتتە،
بىر بولىدۇ باشلىرى.

قارىتالنىڭ باغلىرى،
ئېگىلىپتۇ شاخلىرى.
يېسىڭىز خۇددى ناۋات،
ئالما، ئۆرۈك قاقلىرى،

باغ ئەسلىدە قۇمدانلىق،
قۇمدانلىق ھەم يىلانلىق.
نىياز قاسىم بولغاچقا،
بوستان بولدى پىلانلىق.

ئەجەب بۈگۈن ياخشى بولدى،
قۇمۇل ھاۋاسى.
قىزىپ كەتسۇن ياڭرىسۇن،
قارىتال ناۋاسى.

# 8 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسى قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى

مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى بىرلىكتە بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە 8 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

مۇسابىقىغە كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى 90 - يىللاردىن بۇيان ئىجاد قىلغان ناخشىلار ۋە بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرىدىن بولۇپ 150 ناخشا قاتناشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن 85 ناخشا تاللىنىپ، سۈپەتلىك ئۈنئالغۇغا ئېلىندى. بۇ ناخشىلار ئىچىدىن مەخسۇس باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاڭلاپ، نومۇر قويۇپ تاللىشى ئارقىلىق «قۇمۇل سۆيگۈسى»، «ئاچ كۆزۈڭنى»، «قۇمۇلنى كۆرۈڭ دوستلار» قاتارلىق بەش ناخشا 1 - دەرىجىلىك؛ «ياشلىقىمىز ئۆتمەكتە خۇشال»، «سالام ئۇستاز»، «قۇمۇل قىزى» قاتارلىق 10 ناخشا 2 - دەرىجىلىك؛ «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى»، «قۇمۇل قوغۇنى» قاتارلىق 16 ناخشا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۆت نەپەر ئورۇنلىغۇچى 1 - دەرىجىلىك، تۆت نەپەر ناخشىچى 2 - دەرىجىلىك، تۆت نەپەر ناخشىچى 3 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**جاڭ گوچۈەن، يۈسۈپ ئەھمىدى خەۋىرى**


（维吾尔文. 文学季刊）

哈密文学

قۇمۇل ئەدەبىياتى

KUMUL LITERATURE QUARTERLY IN UIGHUR LANGUAGE

主办单位：哈密地区行署文化处
编辑出版：《哈密文学》编辑部
地址：哈密市天山东路
电话：2233741 邮编：839000
印刷：哈密地区印刷厂
发行：哈密地区邮电局
订阅：全国各地邮电局

باشقۇرغۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شەرقى يولى
تېلېفون نومۇرى: 2233741 پوچتا نومۇرى: 839000
باسقۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号 ISSN 1007 — 452X
国内统一刊号 CN 65 — 1084/I
邮局代号：58—59
定价：2.50 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 59 - 58
سېتىلىش باھاسى: 2.50 يۈەن



شوجى، ئىدارە باشلىقى ئۆمەر تالىپ

## جەمئىيەت — مەدەنىيەت — ئىسلاھات

قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ئۆمەر تالىپ خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ قارا دۆۋە يېزىسى، شەھەر ئىچى يېزىسى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى قاتارلىق ئاساسى قاتلاملاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلغان، پارتىيىنىڭ پاك - دىيانەتلىك، سىياسىي، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى، رەھبەرلىك سەنئىتى ھازىرلىغان ياخشى كادىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ 1992 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ يېزىلارنى بېيىتىش، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئىدارىگە كەلگەندىن بۇيان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىدىكى پونكىت مەسئۇللىرىنى سىرتقى جايلارغا ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە باشلاپ بېرىپ، ياخشى ئۈلگە، ياخشى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىدە ئىجتىمائىيلاشقان كۆپ خىل مۇلازىمەت تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە يۈرۈش قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى زور دەرىجىدە زورايتتى. يۇقىرى - تۆۋەننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىدارە قۇرۇلغاندىن بۇيان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇپ، ماي باشقۇرمايدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، 11 يېزىدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 11 دانە ماي ئىسكىلاتى قۇرۇپ چىقتى.

ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، 1995 - يىلى كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى تۇنجى قېتىم قۇمۇلغا كىرگۈزۈپ شۇ يىلىلا 5000 مو يەرگە كېڭەيتتى. 1997 - يىلى 55 مىڭ مو يەرگە يەتكۈزۈلدى. بۇ تېخنىكا تۈرىگە ئۆزى بىۋاسىتە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ يەنە ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك توغراش، ئامىياكلاشتۇرۇش خىزمىتىدە سىرتتىن سۈپەتلىك ئوت توغراش ماشىنىسىدىن 150 نەچچىنى كىرگۈزۈپ كەڭ تېخنىكلارنى باشلاپ، تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ باقمىچىلىق خىزمىتىدە زور ئۆسۈش بولۇشىدا رول ئوينىدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەرخىل سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، ئوت توغراش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن 745 نى كىرگۈزۈپ شەھىرىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كىرىمنى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشتى.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتە ئىدارىدە بىر قاتار ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ، قوللاپ كەلمەكتە.

ئۆمەر تالىپ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1993 - يىلدىن بۇيان شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئۈچ يىل «مۇنەۋۋەر كادىر» يەنە بىر يىل «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى.






▲ ئەنۋەر ئابدۇۋەلى (سولدىن 1- كىشى) ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



## ئامەت — ئادىل تىجارەتتە

«ئەنۋەر ئالتۇنچى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنسىلا خېرىدارلار كېسىپنى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، نىيەت بىلەن [illegible]قبالنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن يۈزلەندۈرۈشنى ئويلايدۇ. [illegible]ر ئادىل تىجارەتچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ [illegible]اق ئويلايدۇ: «پۇل تېپىلىدۇ. بىراق، خېرىدا[illegible]رىدىكى يۈز بىلەن ئىشەنچكە ئېرىشمەك بەك [illegible] تەس».

[illegible]بدۇۋەلى ئۆزىنىڭ تىجارەت ۋە كەسپىي ئىز[illegible]دا بۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارم[illegible] گۈزەل - سەنئەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىن[illegible]كى مەزگىللەردە بولسۇن ياكى كەسپىي خى[illegible]غۇللىنىۋاتقان مەزگىللەردە بولسۇن نىيەتى[illegible] كەلدى. بولۇپمۇ مىللىي ھۈنەر - سەنئەتتىكى تۆت[illegible]نىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان زەرگەرچىلىك[illegible]لانغان 15 يىلدىن بۇيان قەشقەر، خوتەن، [illegible]جايلاردا كە[illegible] ھۈنىرى ئىلغار بولسا شۇنى [illegible]تۇپ ئۆگەن[illegible] ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا يېڭىتى[illegible] كۈندە قول[illegible] رايونىدا بۇ ساھەدىكى ئەڭ كامى[illegible]گەن ئۇستى[illegible]غا [illegible]قابىيەت ئېلان قىلالايدىغان سەۋ[illegible]تى. تۈركى[illegible]، [illegible]رەبىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ [illegible]گەرچىلىكتىكى ئېسىل ھۈنەر - سەنئىتىنى ئىجا[illegible]سۇندا قوبۇل قى[illegible]

بىلىپ ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتچىلىكىدە ئۆزىگە خاس شەكىل، ئۇسلۇب ياراتتى. ھازىر ئەنۋەر ئابدۇۋەلى ئاچقان ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش دۇكىنىدا يىراق - يېقىندىن كەلگەن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئەنۋەر ئابدۇۋەلى يەنە قۇمۇل رايونىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى ئاز، سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەيۋاتقانلىقتەك ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ دەسلەپكى قەدەمدە «ھايات بۇلىقى» نامىدا بىر كاۋاپخانا ئاچتى. كاۋاپخانىنىڭ تىجارەت ئۆلچىمى قاتتىق بولۇپ، تازىلىقتا پاكىزە بولۇش، ماتېرىيال ساپ بولۇش ۋە ئۆلچەملىك بولۇش، خېرىدارلارنىڭ رازىلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتەك تىجارەت مىزانى بار.

ھازىر بۇ كاۋاپخانىدا سامسا، نان، شورپا ۋە تۈرلۈك كاۋاپ تىجارىتى يولغا قويۇلدى. پات ئارىدا كاۋاپ تۈرلىرىنى تونۇر كاۋىپى، تاۋا كاۋاپ قاتارلىقلارغا كېڭەيتىپ خېرىدارلارنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىشىنى يولغا قويماقچى. كاۋاپخانىغا كىرگەن خېرىدارلار مېزىلىك كاۋاپتىن مەمنۇن بولغان ھالدا: «ئەنۋەر خوجايىنىنىڭ نىيىتى پۇلدا ئەمەس، خېرىدارلارنىڭ مەنپەئەتىدە ئىكەن» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە ئەنۋەر ئابدۇۋەلى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك خېرىدارلىرى ئالدىدا «يۈز بىلەن ئىشەنچ»كە ئېرىشمەكتە.